# مۇندەرىجە


❖ «ھەدىس شەرىف»نىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى ........................................ياسىن ئابدۇلھېكىم 3

❖ «سەلەف سالىھلار» ۋە سەلەفىيلىك داۋاسى.....مۇھەممەد يۈسۈپ 12

❖ ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ......................سەييىد ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى (مۇھەممەد سادىق ئىسمائىل تەرجىمىسى) 17

❖ ۋاكالىتەن تۇغۇپ بېرىش......دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللا 22

❖ ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسى (2)..ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى 30

❖ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى .......مۇھەممەد سوسيالدى (ئابدۇلئەھەد ھاپىز تەرجىمىسى) 39

❖ خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە **VETO** ھوقۇقىنىڭ قارا يۈزى ............................................سىراجىدىن ئەزىزى 44

❖ مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى....... ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن47

❖ دەۋەتچىلىرىمىزدە ئۈچ غەلەت (2) ...ئابدۇللا مۇھەممەدئىمىن51

❖ تىل ۋە تەرجىمىچىلىك توغرىسىدا....ئابدۇسەمى مۇھەممەدئىمىن 59

❖ چىلىمنى ھالال دېمەك........مۇيەسسەر ئابدۇلئەھەد خەندان 67

❖ نېئمەتنى سۆزلەش كۆز ـ كۆز قىلىش ئەمەس..زەينەپ ۋەلى دىلبەرقى 70

❖ خانە كەئبە دەرۋازىسىغا ئىسمى يېزىلغان ئۇيغۇر....مۇھەممەد يۈسۈپ 72

❖ قانداق قىلغاندا پەرزەنتلەردە كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ......................ئابدۇلئەھەد ئۇجات 75

❖ ھەقىقى بەخت ئىسلام ئەقىدىسىدە......... ئابدۇلئەھەد ھاپىز 77



المعرفة

مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2015

2 ـ سان
(ئومۇمىي 11 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئەسەر ئەۋەتىش
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىش
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق، يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز: *Fevzi Çakmak Mahallesi Şeref Sokak No. 11 Bodrum Kat*
*Sefaköy Küçükçekmece Istanbul*
*TEL: 0212-6243928*



# «ھەدىس شەرىف»نىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى

ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ھەق دىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەتتۇر. ئىسلامنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق قاتارلىق بارلىق ئەھكاملىرى مەزكۇر ئىككى مەنبەدىن ئېلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى مەنبەگە ئەگىشىشنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە بايان قىلغان ئايەتلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى مەنبە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە مەھكەم ئېسىلساڭلار ئازمايدىغان ئىككى نەرسىنى قالدۇردۇم، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدۇر.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ ساھابىلىرى، تابىئىنلار، شۇنداقلا ئىسلام ئۆلىمالىرى مەزكۇر ئىككى مەنبەگە ئاساسلىنىپ ئىش كۆرگەن ۋە شۇ ئاساستا ئىجما بىلەن قىياسنىڭ ئىسلام ئاساسلىرىدىن بولىدىغانلىقىنى قارار قىلغان.

ئىسلام شەرىئىتى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياستىن ئىبارەت تۆت ئاساسقا تايىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ھالال ـ ھارام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئەھكاملىرى مەزكۇر تۆت ئاساسنىڭ بىرىدىن ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئىمام شافئىي رەھىمەھۇللا «بىر كىشىنىڭ دەلىلسىز ھالال ياكى ھارام دېيىش ھەققى يوق، مەزكۇر دەلىل يا «قۇرئان كەرىم» ياكى ھەدىس ياكى ئىجما ۋە ياكى قىياستۇر» دېگەن.[3]

1 سۈرە ئەھزاپ 36 ـ ئايەت

2 ئىمام ھاكىم مۇستەدرەكتە، بەيھەقىي دەلائىل نۇبۇۋۋە 5/494 دە رىۋايەت قىلغان

3 ئىمام شافئىينىڭ «الرسالة» ناملىق ئەسىرى 39 بەت

www.uyghurkitap.com

دوكتۇر ئابدۇلكەرىم زەيدان[1] مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئاساسى دېگىنىمىزدە شەرىئەت ئەھكاملىرى ئېلىنىدىغان مەنبە «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياس مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىجما بىلەن قىياس «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىستىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنى ئەسلى مەنبە، ئىجما بىلەن قىياسنى ئەسلى مەنبە كۆرسەتكەن تارماق مەنبە دېيىشكە بولىدۇ.»[2]

ماقالىمىزنىڭ ئەسلى تېمىسى سۈننەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىجما، قىياس ۋە ئۇلارنىڭ تەبىرى، شۇنداقلا بۇلارنىڭ شەرىئەت ئاساسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى دەلىل-پاكىتلارنى كېيىن بايان قىلىمىز.

## سۈننەت ۋە ھەدىس

سۈننەت لۇغەتتە يول دېگەن مەنىدە كەلگەن، ئەمما ئۇنىڭ ئىستىمال مەنىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكىتى، بىراۋنىڭ قىلغان ئىش ياكى سۆزلىرىگە قارىتا قىلغان سۈكۈتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.[3]

ھەدىس لۇغەتتە يېڭى دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، ئىستىمالدا سۈننەت بىلەن مەنىداش كېلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى ئاساسى بولسا، ھەدىس ئىككىنچى ئاساسىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نى بىرىنچى ئاساس دېيىشىمىز، ھەرقانداق بىر مەسىلە ۋە ياكى ھۆكۈمنىڭ دەلىل-پاكىتى ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ «قۇرئان كەرىم»دە سۆزلەنمىگەن بولسا، ئىككىنچى ئاساس ھەدىستىن ئېلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتىش ئالدىدا ئۇنىڭغا:

— ئەگەر بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭ قانداق ھۆكۈم قىلىسەن؟ دېدى.

— ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، — دىدى، مۇئاز.

— ئەگەر ئۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تاپالمىساڭچۇ؟

— رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن.

— ئەگەر ھەدىستىنمۇ تاپالمىساڭچۇ؟

— ئىجتىھاد بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، دەپ جاۋاپ بەردى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋاپتىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى ۋە ئۇنىڭ مەيدىسىگە يىنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئەلچەمنى مېنى رازى قىلىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن» دېدى[4].

دېمەك، مەزكۇر ھەدىس ئىسلامدا ھۆكۈم مەنبەسىنىڭ ئاۋۋال «قۇرئان كەرىم»، ئاندىن قالسا سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ.

## ھەدىسنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن بولغان ئالاقىسى

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تېكىستلىرى ۋە مەنالىرى بىلەن چۈشۈرگەن سۆزىدۇر.[5] ھەدىس بولسا مەنىسى ۋە مەزمۇنى «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بولۇپ، تېكىستىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز تىلى بىلەن بايان قىلغان. سۈننەتلەرگە ئەگىشىشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ (پەيغەمبەر) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ»[6].

1 دوكتۇر ئابدۇلكەرىم زەيدان ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى فىقھى تەتقىقات ھەيئىتى ئەزاسى بولغان ۋە 15 دىن ئارتۇق ئىشەنچلىك دىنىي ئەسەرنى قالدۇرغان ئىراقتا تۇغۇلۇپ يەمەندە 2014-يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر دىنىي ئالىم

2 المدخل لدراسة شريعة الاسلامية 153-بەت

3 ثقافة الاسلامية (سۈننەت، ئىجما، قىياس) جامىئە ئۇمۇلقۇرا

4 تىرمىزى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئابدۇلبەر ۋە ئىبنى قەييىم سەھىھ دېگەن

5 مباحث في علوم القرآن (مەننائىل قەتتان)

6 سۈرە نەجم 3-4-ئايەت

مىقداد ئىبنى مەئدىكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىلىڭلاركى، ماڭا «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، يېقىندا قورسىقى توق بىر ئادەم ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم»گە چىڭ ئېسىلىڭلار، «قۇرئان كەرىم»دە ھالال دېيىلگىنىنى ھالال دەڭلار، ھارام دېيىلگىنىنى ھارام دەڭلار (يەنى ھەدىس بىلەن ئىشىڭلار بولمىسۇن)، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ھارام دېگەن نەرسە ئاللاھ ھارام دېگەن بىلەن ئوخشاشتۇر.»[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى يادلاش ئۈچۈن يازاتتىم، بىر كۈنى قۇرەيش خەلقى مېنى يېزىشتىن توسۇپ، رەسۇلۇللاھ ئاچچىقلانغاندىمۇ ۋە خۇشال بولغاندىمۇ سۆز قىلىدىغان بىر ئىنسان تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغىنىڭنىڭ ھەممىنى يازامسەن! دېيىشتى، مەن يېزىشتىن توختاپ قالدىم ۋە بولغان گەپنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارمىقى بىلەن ئاغزىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ياز، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئېغىزدىن ھەق گەپتىن باشقىسى چىقمايدۇ»[2] دېدى.

ئىشەنچلىك تابىئىنلارنىڭ بىرى بولغان ھەسسان ئىبنى ئەتىيە مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىسنى «قۇرئان كەرىم»نى ئېلىپ كەلگەندەك ئېلىپ كېلەتتى.»[3] يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى ئىككى قىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى تېكىستى ۋە مەنىسى بىلەن نازىل قىلىنغان ۋەھيى، ئۇ بولسىمۇ «قۇرئان كەرىم»دۇر[4]. يەنە بىرى مەنىسى بىلەن مەزمۇنى ۋەھيى قىلىنغان، ئەمما تېكىستى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ، بارلىق سەھىھ ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى «قۇرئان كەرىم» بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل مۇناسىۋەتكە ئىگە:

1 ـ «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ھۆكۈمنى كەم ياكى زىيادە قىلماستىن تەكىت قىلىش. مەسىلەن: ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئەگەر ئۇنى جازالىماقچى بولىدىكەن، ئاللاھنىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.»[5] بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ «پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار(ئاھالىسى)نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر»[6] دېگەن ئايەتنى تەكىتلەپ كەلگەن. شۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، تەقۋالىقتا بۇيرۇش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن يىراق تۇرۇش ھەققىدىكى ھەدىسلەر دەل «قۇرئان كەرىم»دىكى شۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەرنى تەكىتلەپ كەلگەن.

2 ـ «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنمىغان مۇستەقىل ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش. مەسىلەن: ھەيزدار ئايالنىڭ تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ، ئوقۇيالمىغان نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇماسلىق ھەققىدىكى ھەدىسكە ئوخشاش. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز ھەيزلىك ھالەتتە تۇتالمىغان رامىزاننىڭ قازاسىنى تۇتۇشقا بۇيرۇلاتتۇق، ئوقۇيالمىغان نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلمايتۇق.»[7]

بىر ئايال بىلەن ئۇنىڭ ھاممىسىنى بىرلا

---

1 ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى مەزكۇر ھەدىسنى ھەسەن دېگەن

2 مۇسنەد ئەھمەد ئىبن ھەنبەل 6625 ـ نۇمۇرلۇق ھەدىس

3 فەتھۇلبارى 13/305، سۈنەن دارىمى مۇقەددىمىسىدە كەلتۈرگەن

4 بەزى ئالىملار ھەدىس قۇدۇسىنىڭمۇ لەپزى ۋە مەنىسى بىلەن ۋەھيى قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما كۆپ ساندىكى ئالىملار ئۇنىمۇ باشقا ھەدىسلەرگە ئوخشاش مەنىسى ۋەھيي قىلىنغان، لەپزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن ئىپادىلەنگەن دەپ قارايدۇ. مباحث في علوم القرآن (مەننائىل قەتتان)

5 ئىمام بۇخارى كىتاب تەپسىردە بايان قىلغان

6 سۈرە ھۇد 102 ـ ئايەت

7 بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاشنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلغان ھەدىسكە ئوخشاش. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايالنى ھامىسى ئۈستىگە تېگىشتىن توستى»[1].

شۇنىڭدەك ئېشەك گۆشىنىڭ ھاراملىقىنى بايان قىلغان ھەدىس. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر غازىتى بولغان كۈنى ئېشەك گۆشى يېيىشنى مەنئىي قىلدى، ئات گۆشى يېيىشكە رۇخسەت قىلدى»[2]. مانا بۇ يۇقىرىدىكى ھەدىسلەر «قۇرئان كەرىم»دە زىكرى قىلىنمىغان يېڭى ھۆكۈملەرنى مۇستەقىل ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ.

3 ـ «قۇرئان كەرىم»نى بايان قىلىش. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بايان قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن چۈشۈرگەن. «بىز قۇرئاننى ساڭا كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىشى ئۈچۈن چۈشۈردۇق.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى بايان قىلىشى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ.

1) «قۇرئان كەرىم»دە ئىجمالىي (قىسقىچە) بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي ئىزاھلايدۇ. مەسىلەن: «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا ناماز، زاكات، روزا تۇتۇش ۋە ھەج قىلىشقا ئوخشاش ئىبادەتلەرنى پەرز قىلدى، لېكىن بۇنىڭ تەپسىلاتى، ۋاقتى ۋە شەرتلىرى قاتارلىقلار ھەدىس ئارقىلىق بېكىتىلدى. يۇقىرىقىغا ئوخشاش «قۇرئان كەرىم»دە قىسقىچە بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنى ھەدىس تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرمىگەن بولسا، بىز ئۇلارنى توغرا شەكىلدە ئادا قىلالىشىمىز مۇمكىن بولماي قالاتتى.

2) ئومۇمىي ھۆكۈملەرنى خاسلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: «ئاللاھ بالىلىرىڭلار(غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ...»[4] بۇ ئايەتتە مىراس ئالغۇچى (ئەر) ئومۇمى سۆز بولۇپ كاپىر ئەرنىمۇ ۋە قاتىل ئوغۇلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن بۇ ھۆكۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كاپىر مۇسۇلماندىن، مۇسۇلمان كاپىردىن مىراس ئالالمايدۇ»[5] دېگەن ھەدىسى ۋە «قاتىلغا مىراستىن ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ»[6] دېگەن ھەدىسى بىلەن ھۆكۈم تېخىمۇ خاسلاشتۇرۇلغان.

3) «قۇرئان كەرىم»دىكى شەرتسىز ھۆكۈملەرنى شەرتلىك ھۆكۈمگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە «... (بۇ مىراس تەقسىماتى) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغاندىن ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ...»[7] دەپ ئۆلگۈچىنىڭ ۋەسىيىتىنى شەرتسىز ئورۇنداشقا بۇيرۇق قىلدى ۋە ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەسىيەتنىڭ مىقدارى شەرت قىلىنمىدى، ئەمما سۈننەت ئۇنىڭ مىقدارىنى بەلگىلىدى. سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يوقلاپ كەلدى، مەن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ مال-مۈلكۈم كۆپ، مېنىڭ مىراس ئالىدىغان بىرلا قىزىم بار، مېلىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى سەدىقە قىلىۋېتەيمۇ (يەنى سەدىقە قىلىش ھەققىدە ۋەسىيەت قىلايمۇ؟) دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق بولمايدۇ، دېدى. مەن يېرىمىنى سەدىقە قىلايمۇ دېسەم، يەنە «ياق» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلايمۇ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلساڭ بولىدۇ، ئۇمۇ بىر ئاز كۆپ، ۋارىسلىرىڭنى باي ھالدا قالدۇرغىنىڭ، باشقىلارغا قول سۇنىدىغان كەمبەغەل ھالدا قالدۇرغىنىڭدىن ياخشى.[8] دېدى. بۇ ھەدىس ھەدىس مەزكۇر ئايەتتىكى شەرتسىز ھۆكۈمنى

1 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى
2 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى
3 سۈرە نەھل 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
4 سۈرە نىسا 11 ـ ئايەت
5 ئىمام بۇخارى كىتاب فەرائىزدا كەلتۈرگەن
6 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، شەيخ ئەلبانى ھەسەن دېگەن
7 سۈرە نىسا 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
8 ئىمام مۇسلىم ۋەسىيەت بابىدا بايان قىلغان

مالنىڭ ئۈچتىن بىرىگە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاز قىسمىغا ۋەسىيەت قىلىش ھەققىدىكى شەرتكە باغلاپ قويىدى.

4) 《قۇرئان كەرىم》 ئايەتلىرىدىن ئېنىق بولمىغان ياكى چۈشىنىش قىيىن بولغان ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ساھابە كىراملار ئۆزىنىڭ تەبىئىي تالانتى بىلەن 《قۇرئان كەرىم》 ئايەتلىرىنى چۈشىنەتتى. ئەگەر بىرەر ئايەتنى چۈشىنەلمەي قالسا، شۇ ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. ئاللاھ تائالا «ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر»[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا، ساھابە كىراملار مەزكۇر ئايەتتىكى «زۇلۇم» دېگەن كەلىمىنى چوڭ-كىچىك قانداق بىر گۇناھ سادىر قىلغان كىشى ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرغان بولۇپ ئازابتىن نىجات تاپقۇچى ۋە ھىدايەتكە ئېرىشكۈچى بولمايدىكەن دەپ چۈشىنىپ، قايسىمىز زۇلۇم قىلمايمىز دېيىشكەندە، رەسۇلۇللاھ «ئايەتتىكى زۇلۇمدىن مەقسەت ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر، ئۇ بولسا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر»[2] دەپ، ئاللاھنىڭ «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر[3]» دېگەن ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان.[4]

دېمەك، ھەدىسنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ئىنتايىن كاتتا. ھەدىسسىز 《قۇرئان كەرىم》نى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بەزى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ۋەھيي قىلىنغان بولسا، يەنە بەزىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 《قۇرئان كەرىم》 ئايەتلىرىدىن چۈشەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئۆز ئىجتىھادى بىلەن ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ ھۆكۈمگە قارىتا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تۈزىتىش بېرىلمىگەن بولسا، ئۇ ھۆكۈم ئاللاھ تائالانىڭ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا 《قۇرئان كەرىم》دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى ئىشلاردا ئۆز خاھىشى بويىچە سۆز قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇ (مۇھەممەد) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.»[5] يەنە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شەك-شۈبھىسىز سەن توغرا يولغا باشلايسەن، ئۇ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە خاس بولغان ئاللاھنىڭ يولىدۇر. بىلىڭلاركى ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتىدۇ.»[6] ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شەرتسىز ئەگىشىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر سىلەرنى چەكلىگەن نەرسىلەردىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقدۇر.»[7]

## 《قۇرئان كەرىم》 ۋە ھەدىسنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قوغدىلىشى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، 《قۇرئان كەرىم》 ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىككى مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»[8] دېگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن 14 ئەسىردىن بۇيان ئۇنىڭغا بىر نەرسىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ۋە ياكى كېمەيتىلىپ كېتىشىدىن ساقلاپ كەلدى. ئاللاھ تائالا بۇ 《قۇرئان كەرىم》نى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تىلى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز

1 سۈرە ئەنئام 82-ئايەت
2 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى
3 سۈرە لوقمان 13-ئايەت
4 ئىمام بۇخارى كىتاب ئىماندا كەلتۈرگەن ھەدىس

5 سۈرە نەجم 3-4-ئايەت
6 سۈرە شۇرا 52-ۋە 53-ئايەت
7 سۈرە ھەشر 7-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
8 سۈرە ھىجر 9-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق.»[1]

مەزكۇر ئىككى ئايەت ھەققىدە ياخشى مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئاللاھ ساقلاشقا ۋەدە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نى بايان قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇلغان، «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاش «قۇرئان كەرىم»نىڭ بايانلىرى بولغان ھەدىسلەرنى ساقلاشنى لازىم تۇتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تاپشۇرغان مەزكۇر ۋەزىپىنى كەم ـ زىيادە قىلماي تەلەپكە لايىق مۇكەممەل ئورۇنلىغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن، ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[2]

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاپشۇرۇلغان بايان قىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان. ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى (يەنى «قۇرئان كەرىم»گە بەرگەن بايانلىرى) ئاللاھ ساقلاشقا ۋەدە قىلغان «زىكىر»نىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئۆلىمالىرى بىردەك ھەدىسسىز «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش ۋە تولۇق ئەمەل قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قاراشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا بىزلەرگە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى، بويسۇنۇشنى ۋە چىقارغان ھۆكۈملىرىگە رازى بولۇشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن تۇرسا، ئۆزى بويسۇنۇشقا بۇيرۇغان پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسلىرىنى ساقلىماي زايا قىلىۋېتىشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟! مەسىلىلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈملىرىنى ھۆكۈم ئورنىدا كۆرمىسە ۋە ئۇ ھۆكمىگە رازى بولمىسا، ئۇنداق كىشىدە ئىمان بولمايدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى مۇھەممەد پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە، ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.»[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىلىڭلاركى مەن «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بېرىلدىم...».[4] دېمەك، ئاللاھ تائالا ساقلاشقا ۋەدە قىلغىنى «قۇرئان كەرىم»لا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ شەرھى بولغان ھەدىسلەرمۇ ساقلاشقا ۋەدە قىلىنغان زىكىرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. «قۇرئان كەرىم» بىزگە قانداق ئىشەنچلىك، راستچىل كىشىلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ بايانى ۋە تەپسىرى بولغان ھەدىسلەرمۇ ئەينى كىشىلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلدى.

## «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەتنىڭ ئۈممەتكە يېتىپ كېلىشتىكى پەرقى

يۇقىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام دىنىنى (يەنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنى) ساقلاشقا ۋەدە قىلىپ، ئۇنى ھازىرغىچە ساقلىغانلىقىنى ۋە قىيامەتكىچە ساقلايدىغانلىقىنى دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن بايان قىلدۇق. «قۇرئان كەرىم» ئىلاھىي مۆجىزە كىتاب بولغىنى ئۈچۈن ۋەھيي قىلىنىش ۋە ئىسلام ئۈممىتىگە يېتىپ كېلىشتە ھەدىستىن پەرقلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» تېكىستلىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرى بىلەن ۋەھيي قىلىنغان بولسا، ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ۋەھيي قىلىنغان، ئەمما ئۇنىڭ تېكىستى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئىپادىلەنگەن. «قۇرئان كەرىم» ئۈممەتكە «مۇتەۋاتىر»[5] شەكىلدە يېتىپ كەلگەن. ئەمما ھەدىس بەزىسى مۇتەۋاتىر شەكىلدە ۋە بەزىسى

1 سۈرە نەھل 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

2 سۈرە مائىدە 67 ـ ئايەت

3 سۈرە نىسا 65 ـ ئايەت

4 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، شەيخ ئەلبانى سەھىھ دېگەن

5 سەنەدىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ جامائەتنىڭ كۆپ جامائەتتىن رىۋايەت قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ

«خەبەر ۋاھىد»[1] شەكلىدە يېتىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم» چۈشكەن ھامان ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ئۆزى يادقا ئېلىۋالاتتى. چۈنكى، ئۇنى ئاللاھ يادقا ئالدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغان «... (ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيي نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما، ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز، ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ئۇنى ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە) ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن، ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر»[2] بۇ ئايەتتىن شۇ مەلۇم بولىدىكى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ بايانلىرى بولغان ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ئەسلىتىش ۋە ئوقۇپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزى يادقا ئېلىپ بولۇپلا ساھابىلىرىگە ئوقۇپ بېرەتتى. ساھابىلەرمۇ ئۇنى يادقا ئېلىپ ھاياتىغا تەتبىقلايتتى. بەلكى ئۇنى قەلبىدە يادلاش بىلەن توختىماي تېرە ۋە تاختايلارغا يېزىپ ساقلىغان ئىدى.

ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاشقا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنچلىك، پاك، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، دىنغا جان كۆيدۈرۈپ پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ساھابىلارنى ھەمراھ قىلدى. «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادلىغان يۈزلەرچە ساھابىلاردىن يۈزلىگەن تابىئىنلار، ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر ۋە ئۇلار ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئەينى شەكلىدە يەتكۈزۈشنى دىنىي مەجبۇرىيىتىمىز دەپ قاراپ، «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ھەرپكە چاغلىق نەرسىنى كەم-زىيادە قىلماي ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مۇتەۋاتىر شەكلىدە ئېلىپ كەلدى.

ھەدىس ئىسلام ئاساسلىرىدىن بىرى بولغىنى ئۈچۈن ساھابە كىراملار ئۇنى ئۆگىنىش، يادقا ئېلىش، ئەمەل قىلىش ۋە باشقىلارغا يەتكۈزۈشتە «قۇرئان كەرىم»گە كۆڭۈل بۆلگەندەك كۆڭۈل بۆلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، قىلغان-ئەتكەنلىرى ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ساھابە كىراملارنىڭ قىزىقىش نۇقتىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق ھاياتىدىن ھېچ بىر نەرسە مەخپىي قالغىنى يوق. ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ئىچىدىكى ئەخلاقلىرىنى ئاياللىرىدىن سورايتتى. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سوراپ يىراق مۇساپىلەرنى بېسىپ كېلەتتى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىگە ئۆيى يىراق بولغانلار كۈندىلىك يىغىلىقتىن مەھرۇم قالماسلىقى ئۈچۈن خوشنىلىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ رەسۇلۇللاھ قېشىغا كېلەتتى ۋە ئاڭلىغان يىغىلىقتىن كېلەلمىگەن خوشنىسىنى خەۋەردار قىلاتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر ئەنسارى قوشنام بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىغا بېرىشتا نۆۋەتلىشەتتۇق، مەن بارسام شۇ كۈندىكى يىغىلىقتىن (يەنى ھەدىستىن) قوشنامنى خەۋەردار قىلاتتىم، قوشنام بارغان كۈنى مېنى شۇ كۈندىكى يىغىلىقتىن خەۋەردار قىلاتتى...»[3]. دېمەك، ساھابە كىراملار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تابىئىنلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى يەتكۈزۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئەينى شەكلىدە يەتكۈزۈشنى دىنىي مەجبۇرىيىتىمىز دەپ تونۇپ ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا خاتىرىلەنمەستىن، بەلكى ئىككىنچى ئەسىرلەردە خاتىرىلىنىشكە باشلىغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچى ئەسىرلەردە سۈننەت ۋە ھەدىسلەرنى يادقا ئېلىۋالغان ساھابىلار كۆپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنى يېزىپ ساقلىغانلار ئاز ئىدى. ھەتتا بەزىلەرنىڭ يېزىشىمۇ چەكلەنگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەت يازالايدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «قۇرئان كەرىم»نى

1 يۇقىرىقىدەك مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن رىۋايەتنى كۆرسىتىدۇ
2 سۈرە قىيامەت 16-دىن 19-ئايەتكىچە
3 ئىمام بۇخارى كىتابۇل ئىلمىدە رىۋايەت قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېزىپ قالدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش يۈزىسىدىن ھەدىسلەرنى يېزىشتىن چەكلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن يېزىپ ساقلانغان «قۇرئان كەرىم»گە ھەدىسلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، يېزىشقا رۇخسەت قىلمىغان. ئەمما ئىككىنچى ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، راست ھەدىس بىلەن يالغان ھەدىسلارنى، سەھىھ ھەدىس بىلەن ئاجىز ھەدىسلارنى ئايرىپ چىقىش ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەن. نۇرغۇن ئۆلىمالار يالغان ھەدىس بىلەن راست ھەدىسنى ۋە ئاجىز ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىدىغان ئىنچىكە قائىدە-پرىنسىپلارنى تۈزۈپ چىققان. نەتىجىدە مەخسۇس ھەدىس ئىلمى ۋە نۇرغۇن ھەدىس توپلاملىرى بارلىققا كەلگەن.

توغرا، ئىسلام دىنى دۇنياغا نۇرىنى چاچقان كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، ھەر خىل ھىلە-مىكىرلەرنى پىلانلاپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنىدىغانلاردىن خالىي بولغىنى يوق. ئوچۇق-ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلەر ھەر خىل بۇرمىلاش بىلەن شەرىئەت ئاساسلىرىدا شەك پەيدا قىلىش، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇتەۋاتىر شەكىلدە ئىسپاتلانغانلىقىدا ھەرخىل ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىش، ئۇنىڭ ھەرقانداق زامان ۋە ماكانغا ماس كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىغۋا تارقىتىشتەك قىلمىغان دۈشمەنلىكلىرى قالمىدى. شۇنىڭدەك ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان ھەدىس توغرىسىدا ھەرخىل ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرخىل ۋاستىلارنى قوللاندى. بىر تەرەپتىن ھەدىسنىڭ سەھىھ يول بىلەن كەلگەنلىكى ھەققىدە گۇمان پەيدا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەدىسنىڭ كۆپ قىسمى مۇتەۋاتىر ئەمەس، مۇتەۋاتىر بولمىغان ھەدىسلەر ھۆججەتلىككە يارىمايدۇ دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىپ ئۆلگۈردى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ سەپسەتىلىرى بەزى مۇسۇلمانلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىمۇ بىلىپ-بىلمەي شۇلارنىڭ چالغان دۇمبىقىغا ئۇسۇل ئوينايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. لېكىن ئۆزى نازىل قىلغان دىنىنى ئۆزى ساقلاشقا ۋەدە قىلغان ئاللاھ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئاساسى يوق ئىغۋالىرىغا رەددىيە بېرىدىغان ھەققەتچى ئالىملارنى چىقىرىش ئارقىلىق دىنىنى ساقلاپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ دىنىنىڭ ئەينەن تارقىلىشىغا ۋە يالغان سۆزلەرنىڭ دىن نامىدىن ئورۇن ئېلىپ قالماسلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىسى ئاساسلىق تۈرتكە بولغان. ئۇنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ يادلىغان، ئېسىدە ساقلىغان ۋە ئاڭلىغانىدەك باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى ئاللاھ نۇرلاندۇرسۇن، دەۋەت يېتىپ بارغان كىشىلەرنىڭ بەزىسى يەتكۈزگۈچىدىن بەكرەك ئېسىدە ساقلايدۇ.»[1]

يەنە بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىغا بىر كۈنى مۇنداق دېدى: دادا! سىزمۇ باشقىلاردەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى كۆپ سۆزلىمەيدىكەنسىزغۇ؟ زۇبەير مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ ئايرىلمايتتىم، لېكىن ئۇنىڭ «كىم مېنىڭ نامىمدىن يالغاننى ئېيتسا، ئورنىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن»[2] دېگەن ھەدىسىنى ئاڭلىدىم. يەنى يالغان ئېيتىپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ كۆپ سۆزلىمىدىم. يۇقىرىقى ئىككى ھەدىس دىنىنى كەم-زىيادە قىلماي يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىملىقى ۋە دەرىجىسىنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتمىگەن بىر نەرسىنى دىن قىلىپ كۆرسىتىشنىڭ نەقەدەر چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ساھابە كىراملار، تابىئىنلا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ دىنىنىڭ توغرا تارقىلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە، دىندا بولمىغان نەرسىنىڭ دىنغا كىرىپ قېلىشى ۋە يالغان ھەدىسلەرنىڭ ھەدىس قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

1 ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى
2 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئۈچۈن ئىنچىكە قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئەلۋەتتە بۇ قائىدىلەر «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنى ئاساس قىلغان. ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مىنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ يادلىغان، ئېسىدە ساقلىغان ۋە ئاڭلىغانىدەك باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى ئاللاھ نۇرلاندۇرسۇن، دەۋەت يېتىپ بارغان كىشىلەرنىڭ بەزىسى يەتكۈزگۈچىدىن ئېسىدە ساقلىغۇچىراقدۇر.»[2] يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىستىن ئىسلام ئۆلىمالىرى، بىرەر ھەدىس يېتىپ كەلسە ئۇنىڭ راس ـ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاش، راس ھەدىسلەرنى يادلاپ ئېسىدە ساقلاش ۋە ئۇنى باشقىلارغا توغرا يەتكۈزۈش قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىققان. ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمنىڭ مۇقەددىمىسىدە تابىئىنلارنىڭ كاتتىسى مۇھەممەد ئىبنى سىيرىنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ساھابە كىراملارغا بىرەر ھەدىس يېتىپ كەلسە رىۋايەت قىلغۇچىلارنى سوراپ يۈرمەيتتى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلافەت زامانىدا پىتنە يۈز بەرگەندىن كېيىن، بىرەر ھەدىس يېتىپ كەلسە راۋىلىرى كىمۇ؟ بىزگە دەپ بېرىڭلار دەيدىغان، ئەگەر راۋىلىرى ئىشەنچىلىك، راستچىل ئەھلى سۈننىيلەردىن بولسا ئۇ ھەدىسنى قوبۇل قىلىدىغان، ئەگەر ئىشەنچىسىز كىشىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان بولسا قوبۇل قىلمايدىغان بولغان.»[3]

ــــ داۋامى كېيىنكى ساندا...

ئاپتورى: مەككە مۇكەررەمە «دارۇل ھەدىس»نىڭ تالىپى

## سەھىھ ھەدىسلەر

➢ مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ھەققىمدە يالغان سۆز توقۇش باشقا ھەر قانداق ئادەم ھەققىدە يالغان سۆز توقۇشقا ئوخشىمايدۇ. كىمكى مېنىڭ ھەققىمدە قەستەن يالغان سۆز توقۇسا (يەنى قەستەن يالغان ھەدىس توقۇسا)، دوزاختا تۇرىدىغان جايىغا تەييارلىق كۆرۈپ قويسۇن».

ــــ بۇخارى رىۋايىتى

➢ ئىمام مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم، سىلەر شۇنىڭغا چىڭ ئېسىلساڭلار، ھەرگىز ئازمايسىلەر. ئۇلار بولسا، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدۇر».

ــــ مالىك رىۋايىتى

➢ ئىمام مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئېسىل ئەخلاق ــــ پەزىلەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم».

ــــ مالىك رىۋايىتى

➢ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەخلاقى ئېسىل، ئائىلىسىگە سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان مۇسۇلمان ــــ ئىمانى ئەڭ كامىل مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ.»

ــــ تىرمىزى رىۋايىتى

➢ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان ئەھلى جەننەتتە بولىدۇ. ئاغزى بېزەپلىك قوپاللىقتۇر، قوپاللار دوزاختا بولىدۇ»

ــــ تىرمىزى رىۋايىتى

1 سۈرە ھۇجرات 6 ـ ئايەت

2 ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى

3 ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




## «سەلەف» سۆزى ۋە «سەلەف سالىھ»لار

ئەرەب تىلىدىكى«سەلەف» دېگەن سۆز ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتنى ۋە بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ھازىرقى زامانغا نىسبەتەن ئىلگىرى ئۆتكەن زامانلار «سەلەف» ھېسابلانغاندەك، بىر ئادەمگە نىسبەتەن شۇ ئادەمنىڭ ئەجدادلىرى «سەلەف» ھېسابلىنىدۇ. «سەلەف» سۆزى «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىدىمۇ بۇ مەنىدە كەلگەن: ﴿وَأَنْ تَجْمَعُوا بَيْنَ الْأُخْتَيْنِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَ﴾ يەنى (ئىككى ھەمشىرىنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر ئەپۇ قىلىنىدۇ)[1]، ﴿فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانْتَهَى فَلَهُ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُ إِلَى اللَّهِ﴾ يەنى (كىمكى رەببى تەرىپىدىن ۋەز- نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (جازانىدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ)[2]

«سەلەف» ئۇقۇمى ئىسلام ئاتالغۇسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردە ئۆتكەن ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلار «سەلەف سالىھ» يەنى (ئۆتكەنلىكى ياخشى ئۆلگىلەر) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ساھابىلارنى، تابىئىنلارنى (يەنى ساھابىلارنى كۆرگەن بىرىنچى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى) ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچ ئەسىردىكى ئەۋلادلار ئىسلام دىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلاپ بەرگەن داغدام يول بويىچە، توغرا يوسۇندا ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن ياخشى ئەمەلنى بىرلەشتۈرگەن بەرپاچى ئەۋلادلار بولۇپ، نەتىجىدە ئۇلار مۇشۇ پەزىلەتلىرى ئارقىلىق ئۆز مەرتىۋىلىرىنى ۋە يۈكسەك ئورنىنى بەلگىلىگەن «سەلەف سالىھ» تىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغان كىشىلەردۇر. «سەلەف سالىھ»تىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتلىك ئۇنۋانىنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ شەرئەت دەلىلىگە تايانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا، مېنىڭ زامانىمدىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانى ۋە ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانىدۇر.»[3] مەزكۇر شانلىق ئۈچ ئەسىردە ئۆتكەن «سەلەف سالىھ»لارنىڭ يولىغا سادىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى ئەمەلي رەۋىشتە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مۇسۇلمانلار تويى دەل «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» تويىدۇر. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھازىرقى كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە مۇھەممەد

(1) سۈرە نىسا 23 - ئايەت.
(2) سۈرە بەقەرە 275 - ئايەت.

3 ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىبنى سالىھ ئەل مۇنەججىد ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە»نى مۇنداق دەپ تونۇشتۇرغان: «‹ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە› پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مەھكەم ئېسىلغان ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرۈشكە بىرلەشكەن مۇسۇلمانلار توپىدۇر.»[1]

«دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر، جۇڭگو، روسىيە، بالقان رايونى، ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، ھىندونېزىيە، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ئەرەب دۆلەتلىرى، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى، ئومۇمەن ئۆتمۈشتە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەين ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمىمۇ «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ 85 پىرسەنتى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. قالغان 15 پىرسەنتىنى باشقا مەزھەبلەرگە ئەگەشكەنلار تەشكىل قىلىدۇ.»[2] «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىپىنىڭ ھىجرىيە ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئەسىرلەردىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل[3]، ئەبۇلھەسەن ئەل ئەشئەرى[4] ۋە ئەبۇ مەنسۇر ماتۇرىدى[5] قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئەينى ۋاقىتتا «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر.

## «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىپى ئىچىدىكى ئىككى خىل يۆنىلىش

بىرىنچى خىل يۆنىلىش ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل يېتەكچىلىك قىلغان يۆنىلىشتۇر. ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىردىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە مۇئتەزىلىلەرنىڭ[6] دىنىي مەسىلىلەرنى ئىسپاتلاش ۋە دەلىللەشتە ئەقلنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»نىڭ ئالدىغا قويۇش ۋە ھەممىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش خاھىشىغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە سىستېمىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەم قارشى مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىشتە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» دەلىللىرى بىلەنلا كۇپايىلىنىش تەرەپدارى بولغان بىر جامائەت بولۇپ، ئۇلار «ئەھلى ھەدىس» ياكى «ئەھلى ئەسەر» دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئىدى. ئەللامە مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە[7] مۇنداق دېگەن: «ھىجرىيەنىڭ تۆتىنچى ئەسىردە ئۆزلىرىنى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە مەنسۇپ قىلغان بىر جامائەت ئوتتۇرىغا چىقان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە

---

1 «ئىسلام توغرۇلۇق سوئال ۋە جاۋاب» ناملىق تور بەتتىن.

2 «دىن ۋە ھايات 2000 سوئالغا جاۋاب» مۇھەممەد يۈسۈپ

3 ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەل شەيبانىيدۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ھىجرىيىنىڭ 163-يىلى (780م) ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ مەرۋە دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. باغدات، مەككە، يەمەن، شام (سۈرىيە ۋە لىۋان)، بەسرە ۋە كۇفە شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان مۇجتەھىد ئالىم.

4 ئەبۇلھەسەن ئەل ئەشئەرى(260 ـ 324ھ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، 300 دىن كۆپرەك ئىسلامىي كىتاب يازغان، مۇجتەھىد ۋە ئىسلام دۇنياسىدا تونۇلغان ئەقىدەشۇناس ئالىم.

5 ئەبۇ مەنسۇر ماتىرىدى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان( ؟ ـ 333ھ) ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن سانىلىدۇ.

6 مۇئتەزىلە ـ ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى ئەسىرىنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئەمەۋىلەرنىڭ ئاخىرقى ۋە ئابباسىيلارنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرلىرىدە تەرەققىي قىلىپ كۈچەيگەن ئەقىدىۋى مەزھەپتۇر. ئۇلار ئەقلنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»دەلىللىرىنىڭ ئالدىغا قويىدىغان پىرقە بولۇپ، ئەقىل بىلەن يارىتىلىشتىكى تۇغما قابىلىيەت ئىككىسىنىڭ دىنىي دەلىلگە تايانماستىن، ھالال ـ ھارامنىمۇ ئايرىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئۇلارمۇ «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە»دىن سانىلىدۇ.

7 مۇھەممەد ئەبۇ زەھرە (1898 ـ 1974م) مىسىرلىق ئىسلام ئىسلام مۇتەپەككۇرى ۋە شەرىئەتشۇناس ئالىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەدىسلەردە كەلگەن ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى كەلگەن بويىچە قوبۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىش ۋە ئۇلارنى تەۋىل قىلماسلىق، ئەمما قانداق شەكىلدە ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇش پىرىنسىپىنى قانات يايدۇرغان ئىدى. كېيىنچە، ئابباسىيلار خەلىپىسى «ئەلقادىر بىللاھ»نىڭ زامانىدا بۇ جامائەت ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ رەسمىي مەزھىپى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، پۈتۈن دۆلەت تېررىتورىيەسىدە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا مەخسۇس پەرمان چىقىرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمام ۋە خاتىبلار جۈمە خۇتبىلىرىدا بۇ مەزھەبنى تەبلىغ قىلىدىغان بولغان. ئەللامە ئىبنى جەۋزىنىڭ[1] بايان قىلىشىچە، بۇ مەزھەپ ئاببासىيلار تەرىپىدىن ھىجرىيەنىڭ 433-يىلى رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇلار مۇئتەزىلە قاتارلىق مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» دەلىللىرىگىلا كۇپايە قىلغان ھالدا ئىش كۆرەتتى. ئىلمى كالام، ئىلمى مەنتىق ۋە پەلسەپىنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايتتى. مانا بۇ «ئەھلى سۈننە ۋە لجامائە» مەزھىپى ئىچىدىكى بىرىنچى خىل يۆنىلىش ئىدى.

ئەمدى ئىككىنچى خىل يۆنىلىشكە كەلسەك، بۇ يۆنىلىشنىڭ ۋەكىللىرى ئەبۇلھەسەن ئەل ئەشئەرى بىلەن ئەبۇ مەنسۇر ماتىرىدى ئىدى. ئۇلار «ئەھلى سۈننە ۋە لجامائە»نىڭ ئەقىدە سىستېمىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە، مۇئتەزىلە، شىئە ۋە خاۋارىج قاتارلىق مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىشتە «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىف» دەلىللىرىگە تايىنىش بىلەن بىرگە، ئەقلىي دەلىللەرگە، مەنتىق، پەلسەپە ۋە ئىلمىي كالامغا تايىناتتى. «ئەھلى ھەدىس» بىلەن «ئەشئەرىيلەر» ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر چوڭ ئوخشىماسلىق ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تە كەلگەن ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئۆز ئەينى ئېتىمىزمۇ ياكى تەۋىل قىلىمىزمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىدى. چۈنكى «ئاللاھنىڭ كۆزى»، «ئاللاھنىڭ قولى»، «ئاللاھنىڭ يۈزى» ۋە «ئاللاھنىڭ پۇتى» دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى «قۇرئان كەرىم» ۋە « ھەدىس شەرىف»تە كەلگىنى بويىچە ئاتايمىزمۇ؟ ياكى تەۋىل قىلىپ « ئاللاھنىڭ ھىمايىسى»، «ئاللاھنىڭ قۇدرىتى»، «ئاللاھنىڭ زاتى» ۋە «ئاللاھنىڭ ياردىمى» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە چۈشىنىشكە بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپلاشقان. «ئەھلى ھەدىس» ياكى «ئەھلى ئەسەر» تەرەپدارلىرى بۇ سۆزلەرنى قەتئىي تەۋىل قىلماسلىق، باشقا مەنىدىمۇ چۈشەنمەسلىك، بەلكى كەلگەن بويىچە ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىش، بۇلارنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلغان. ئەمما «ئەشئەرىيچىلەر» بىلەن «ماتىرىدىچىلەر» تەۋىل قىلىشقا زۆرۈرىيەت تېپىلغانلىرىنى تەۋىل قىلىشنى ۋە تەۋىل قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئەمەسلەرنى تەۋىل قىلماستىن ئۆز ئەينى ئېيتىش ۋە مەنىسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلغان. چۈنكى ساھابىلاردىن باشلاپ بارلىق «سەلەف سالىھ»لار تەۋىل قىلىش زۆرۈر كەلگەن ئايەتلەرنى تەۋىل قىلغان. مەسىلەن: ساھابىلارنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما «قۇرئان كەرىم»دىكى ﴿وَاصْنَعِ الْفُلْكَ بِأَعْيُنِنَا﴾ دېگەن ئايەتتىكى [أَعْيُنِ] دېگەن سۆزنى «ھىمايە»دەپ تەۋىل قىلىپ، ئايەتنى [بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىر كېمە ياسىغىن] دەپ تەپسىر قىلغان.[2] يەنە ئۇ ﴿وَالسَّمَاءَ بَنَيْنَاهَا بِأَيْدٍ﴾ دېگەن ئايەتتىكى[ أَيْدٍ ] دېگەن سۆزنى «قۇدرەت» دەپ تەۋىل قىلىپ، ئايەتنى[ئاسماننى قۇدرىتىمىز بىلەن بىنا قىلدۇق] دەپ تەپسىر قىلغان.[3] يەنە ئۇ ﴿اللَّهُ نُورُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى [ نُورُ] نى «يېتەكچى» دەپ تەۋىل قىلىپ، ئايەتنى [ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلىنىڭ يېتەكچىسىدۇر] دەپ تەپسىر

1 ئىبنى جەۋزى(1116-1205م) باغداتتا ئۆتكەن، تارىخ، تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھىي ساھەلىرىدە تونۇلغان مەشھۇر ئالىم.

2 (تەپسىر بەغەۋى 2-توم، 322-بەت)

3 (تەپسىر قۇرتۇبى52/17)

قىلغان.[1] يەنە ئۇ ﴿وَيَبْقَى وَجْهُ رَبِّكَ ذُو الجَلَالِ وَالإِكْرَامِ﴾ دېگەن ئايەتتىكى [وَجْهُ] دېگەن سۆزنى «ئۆزى» دەپ تەۋىل قىلىپ، ئايەتنى [پەقەت ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك رەببىڭنىڭ زاتى مەڭگۇ قالىدۇ] دەپ تەپسىر قىلغان.[2]

## «ئەھلى ھەدىس» ۋە «ئەشئەرىيچىلەر»

« ئەھلى سۈننە ۋە لجامائە» مەزھەپكىدىكىلەرنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى مەزكۇر يۆنىلىش پەرقى سەۋەبلىك «ئەھلى ھەدىس» ۋە «ئەشئەرىيچىلەر» دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدىكى بەزى ئەمىرلەرنىڭ ئەشئەرىي مەزھىپىنى قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە، «ئەھلى ھەدىس»نىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىكى كۈچى ئازايغان. «ئەھلى ھەدىس» ئۆزلىرىنى ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىرگىچە داۋام قىلغان «سەلەف سالىھ»لارنىڭ يولىدا ماڭغان كىشىلەر، ئەمما ماتىرىدى ۋە ئەشئەرىلەرنى بولسا، ئىلمى كالام بىلەن ئىلمى مەنتىققا بىرلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە»دىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەمما ماتىرىدى ۋە ئەشئەرىيلەر ئۆزلىرىنى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە»نىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق تۆت مەزھەپنىڭ مەنسۇپلىرى دەپ قارايدۇ. يەنە ئۇلار «قانداقلا بىر جامائەتنىڭ ‹سەلەفىي› دەپ ئاتىلىشى بىدئەتتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياكى ساھابىلار ۋە ياكى تابىئىنلار ‹سەلەف› دەپ ئاتالمىغان. ‹سەلەف سالىھ›لارنىڭ يولىغا ئەگىشىش پەرزدۇر. ئەمما ‹سەلەف› نامىنى قوللىنىپ تۇرۇپ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرا ئەمەس» دەپ قارايدۇ. ئەبۇلھەسەن ئەل ئەشئەرى بىلەن ئەبۇ مەنسۇر ماتىرىدى ئىككىسى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» مەزھىپىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ مەزھەپنىڭ ئەقىدە سىستېمىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە باشقا مەزھەپلەرگە رەددىيە بېرىشتىكى مېتودلىرى ئازراق پەرقلىق بولغان. شۇڭا بۇلارمۇ «ماتىرىدىچىلەر» ۋە «ئەشئەرىيچىلەر»دەپ ئىككىگە ئايرىلغان.

«ئەھلى ھەدىس» ھىجرىيە 7-ئەسىرگە كەلگەندە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىبنى تەيمىيەنىڭ[3] ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ھىجرىيە 856-يىلى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى بىلەن قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىغان. كېيىن ئىبنى تەيمىيەنىڭ شاگىرتى ئىبنى قەييىم جەۋزىنىڭ دەۋرىدە رەسمىي راۋاجلانغان بولسىمۇ، كۆپ ئۆتمەستىن «سەلەفىيلىك» يەنە ئاجىزلىشىپ ئۆز نوپۇزىنى يوقاتقان. مىلادىيە 18-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ چىقىشى بىلەن «ئەھلى ھەدىس» قايتىدىن جانلىنىپ، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئومۇملىششقا باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن «ئەھلى ھەدىس» پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا قاراپ «ئەھلى ھەدىس» كۈچلىنىشكە داۋام قىلغان. ئۇ چاغلاردا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دەرئىيە رايونىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولۇپ، ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئېيتقان ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياردەم سورىغان. نەتىجىدە، مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن «ئەھلى ھەدىس» ياكى «ۋەھھابىيلىق» ھەرىكىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ شۇئارى: «ئەقىدىنى ساپلاشتۇرۇش، خۇراپاتقا

1 (تەپسىر تەبەرى 18/135)

2 (تەپسىر قۇرتۇبى 165/17)

3 ئىبنى تەيمىيە ـ تولۇق ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇسسالام ھىجرىينىڭ ( 1263 ـ 1328م) ھازىرقى سۈرىيىنىڭ شىمالىدىكى ھەرران دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى، ئىسلام دۇنياسىدا تەسىرى ئەڭ زور بولغان، بۈيۈك ئىسلاھاتچى ۋە مۇجتەھىد ئالىم. «شەيخۇلئىسلام» دېگەن ئېسىل ئۇنۋانغا نائىل بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى uyghurkitap.com


قارشى تۇرۇش، مازارلارغا چوقۇنماسلىق، ئەۋلىيالاردىن مەدەت تىلمەسلىك، ئىبادەتنى بىر ئاللاھقىلا قىلىش، ئاللاھقا ھېچكىمنى ۋاسىتە قىلماسلىق، ‹قۇرئان كەرىم› بىلەن ‹ھەدىس شەرىف›نى چىڭ تۇتۇش»تىن ئىبارەت ئىدى. «ئەھلى ھەدىس» ياكى «ۋەھھابىيلىق» ھەرىكىتى ئۆز ۋاقتىدىكى سەئۇد ئائىلىسىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشلىرىدىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىغان. ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ ئىسلامىي ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ «ۋەھھابىي» دەپ ئاتىلىپ قېلىشى پەقەت بۇ ھەرىكەتكە باشچىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب بولغانلىقىدىن ئىدى. ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىگىلىرى ئۆزلىرىنى «ۋەھھابىيلار» دەپ ئاتىمايتتى ۋە شۇنداق ئاتىلىشنىمۇ ياقتۇرمايتتى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى «سەلەف سالىھ»لارنىڭ يولىدا ماڭغان ئىسلاھاتچىلار دەپ تونۇيتتى.

## سەلەف سالىھلار يولى چەكلىك يول ئەمەس

زامانىمىز ئوتتۇراھاللىق ئىسلاھات ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن سانىلىدىغان سۇدان مائارىپ مىنىستىرى ئەللامە دوكتور ئىسام ئەلبەشىر قاتارنىڭ «ئەل جەزىرە» تېلېۋىزيە قانىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن «سەلەف سالىھ يولى مۇئەييەن مەزھەبمۇ ياكى ئۆلگە قىلىنىش كېرەك بولغان يولمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى سۆھبەتتە مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، ‹سەلەف سالىھ› يولى ئۇزۇن مۇساپىلىك بىر يولدۇر. ئىسلام دۇنياسىدا بىرەدەك ئېتىراپ قىلىنغان ھەنەفىي، شافىئىي، مالىكىي ۋە ھەنبەلىي قاتارلىق تۆت مەزھەپنىڭ ئىماملىرى، سۇفيان سەۋرى، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئەۋزائىي، لەيس ئىبنى سەئد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىر ئەھلىنىڭ يولىدا ماڭغان ھەممە بۇ يولنى مېتود قىلىپ ئىلگىرىلىگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «سەلەف سالىھ»لارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەردىن سانىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ زامانىمدۇر، ئۇنىڭدىن قالسا مېنىڭ زامانىمدىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانى ۋە ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ زامانىدۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا «سەلەف سالىھ» يولىدىكى بۇ ياخشىلىقنى شۇ ئۈچ ئەسىر بىلەن توختاپ قالغان ياكى شۇ ئۈچ ئەسىرگىلا خاس ئىدى دەۋېلىش توغرا ئەمەس. گەرچە ھەدىستە مەزكۇر ئۈچ ئەسىر تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئۈچ ئەسىرگە دېيىلگەن ياخشىلىق ئاشۇ ئۈچ ئەسىر ئەھلىنىڭ يولىدا يۈرگەنلەر ئۈچۈنمۇ دېيىلگەن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُلَّةٌ مِنَ الْأَوَّلِينَ. وَثُلَّةٌ مِنَ الْآخِرِينَ﴾ «(ئاخىرەتتە بەختلىك بولىدىغانلار) ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائە، كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ بىر جامائەدۇر.»[1] دېمەك، ھەدىستىكى «ياخشى»لىق «ياخشى»لىق ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىرگىلا خاس ئەمەس.

«سەلەف سالىھ»لارنىڭ يولىدىن ئىبارەت بۇ كەڭ يولغا مەنسۇپ بولۇش مەسىلىسى بىلەن ئۆزلىرىگە «سەلەفىي» ئىسمىنى قويىۋېلىپ، «سەلەف سالىھ»نىڭ مېتودىدىن ئازراق بىر قىسمىنى تۇتۇپلا ئۆزلىرىنى «سەلەف سالىھ»لارغا تەۋە قىلىپ كۆرسىتىدىغان، ئېقىم خاراكتېرلىك ياكى مەزھەپ تۈسىنى ئالغان ۋە ياكى جامائەتلەشكەن سەلەفىيچىلىكلەرنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى ھەقىقىي سەلەفىيلىك مەلۇم بىرلا ساھە ياكى مەلۇم بىر تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. «سەلەف سالىھ» يولى مۇئەييەن فىقھىي قاراشنى ياكى مەلۇم بىر پىكىر ئەھلىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى «سەلەف سالىھ» يولى ناھايىتىمۇ كەڭرى بولۇپ، فىقھىي قاراشلار ۋە ئەقىدىنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىدە بەزى ئوخشىماسلىقلار بولسىمۇ، ئەمما ئەقىدىنىڭ نېگىزلىك مەسىلىلىرىدە، قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىدا، ئىسپاتى ئېنىق ۋە قەتئىيلىكى كۈچلۈك مەسىلىلەردە ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە.

(1) سۈرە ۋاقىئە 39 ـ 40 ئايەتلەر.




ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى دۇنيادىكى ھەممە ئىنسانلار بىر نەسلدىن يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان دېگەن قاراشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بۇرۇن ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت بىر جۈپنى ياراتقان. دۇنيادىكى پۈتكۈل ئىنسانلار شۇ بىر جۈپتىن كۆپەيگەن.

## ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى

دەسلەپتە ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىر مىللەت، بىر دىن ۋە بىر تىلدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ سانى كۆپەيدى ۋە زېمىننىڭ جاي ـ جايلىرىغا تارقالدى. مۇشۇ تارقىلىش سەۋەبىدىن تەبىئىي ھالدا ئۇلار ھەر خىل مىللەت، قەۋم ۋە قەبىلىلەرگە بۆلۈندى. ئۇلارنىڭ تىللىرى ئايرىم بولدى. كىيىم ـ كېچەك، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئۇلار تۇرغان جايلارنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسى ئۇلارنىڭ چىراي شەكىللىرىگە تەسىر قىلىپ رەڭلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ قالدى. بۇ پەرقلەر تەبىئىي پەرقلەر بولۇپ، ئىسلام بۇلارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە ھەمكارلىشىشىنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايدۇ. لېكىن مۇشۇ پەرقلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغان تىل، رەڭ، ئىرق ئايرىش مۇتەئەسسىپلىكنى خاتا دەپ قارايدۇ. باي ـ كەمبەغەل، ئاقسۆڭەك ياكى تۆۋەن تەبىقىلىك ۋە نەسلى ئېسىل ـ نەسلى پەس دەپ ئايرىيدىغان، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمچىلىقلارنى جاھىلىيەت ۋە خۇراپات دەپ قارايدۇ. ئىسلام دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارغا: سىلەر ھەممىڭلار بىر ئانا ۋە بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ـ بىرىڭلار بىلەن قېرىنداش بولۇڭلار، ئىنسانلىق ھۆرمەتتە ۋە ھەق ـ ھوقۇقتا ھەممىڭلار باراۋەر، ھېچكىم ـ ھېچكىمدىن ئارتۇق ئەمەس دەيدۇ.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئىنسانىيەتكە قارىتا تەسەۋۋۇرى. ئىسلام مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدىغان بولسا، ئۇ پەرق نەسل، نەسەب، رەڭ، ۋەتەن ۋە تىل جەھەتتىكى پەرق بولماستىن، بەلكى ئىدىيە، پىكىر، ئەخلاق ۋە ھاياتتىكى غايە پەرقىدۇر. بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىككى بالىنىڭ نەسەبى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پىكرى ۋە ئەخلاقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسا، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولى ئايرىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە شەرقتە ياشايدىغان بىر ئادەم بىلەن غەربتىكى بىر ئادەمنىڭ ئارىلىقى مۇساپە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە شۇنچە يىراق، ئەمما پىكىرلىرى بىر خىل ۋە ئەخلاقى جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىسا، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولى بىر بولىدۇ.

مۇشۇ نەزەرىيەگە ئاساسەن ئىسلام دۇنيادىكى بارلىق مىللەتچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان جەمئىيەتلەرگە ئوخشىمايدىغان، ئورتاق ئىدىيە ـ ئەخلاق ۋە غايىگە ئىگە بىر جەمئىيەت قۇردى. ئۇنىڭدا ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك نەسەب ۋە قەبىلە ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى بىر ئەقىدە ۋە بىر ئەخلاقى پىرىنسىپ ئاساسىغا قۇرۇلدى. بىر ئاللاھنى ئۆزىنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىننى ھاياتىنىڭ قانۇنى دەپ بويسۇنغان ھەرقانداق شەخس بۇ جەمئىيەتكە قوشۇلالايدۇ. مەيلى ئۇ ئامېرىكىدا ياكى ئافرىقىدا ياشايدىغان بولسۇن، ئۇنىڭ نەسلى سام ياكى ئارىيان بولسۇن، قارا ياكى سېرىق تەنلىك بولسۇن، مەيلى ئۇ رۇسچە ياكى ئەرەبچە سۆزلەيدىغان بولسۇن مۇشۇ جەمئىيەتكە قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەق ـ ھوقۇق ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىدا باراۋەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق نەسەب، قەۋم ۋە تەبىقە ئايرىمچىلىقى بولمايدۇ. بىرسى يۇقىرى، يەنە بىرسى تۆۋەن، بىرسى شەرەپلىك، يەنە بىرسى شەرەپسىز بولمايدۇ. ئىرقىي ئايرىمچىلىق ۋە مىللىي كەمسىتىشكە ئۇچرىمايدۇ.

بىراۋنىڭ چاپىنىنىڭ پېشى يەنە بىرىگە تېگىپ كەتسە، ناپاك بولۇپ قالمايدۇ. ئۆزئارا يېمەك ـ ئىچمەك، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، ئارىلىشىش ۋە تويلىشىش ئىشلىرىدا ھېچقانداق توسالغۇ بولمايدۇ. ھېچكىم ئۆزىنىڭ نەسەبى ۋە خىزمىتى جەھەتتىن خار ۋە تۆۋەن بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى سەۋەبلىك جەمئىيەتتە چەتكە قېقىلمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى ئۇنىڭ ئائىلىسى ياكى مال ـ دۇنياسىنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەخلاقى جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ خىلدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم نەسەب، رەڭ، تىل ئايرىمچىلىقى ۋە جۇغراپىيىلىك توساقلارنى بۆسۈپ تاشلاپ، دۇنيانىڭ ھەممە رايونلىرىغا تارقىلالايدۇ. شۇ چاغدىلا ئىنسانلارنىڭ دۇنياۋى قېرىنداشلىقى بەرپا بولىدۇ. ۋەتەن ۋە نەسەب ئاساسىغا قۇرۇلغان جەمئىيەتلەردە بولسا، بۇ جەمئىيەتلەرگە پەقەت شۇ نەسەبتىن بولغان ۋە شۇ زېمىندا تۇغۇلغانلارلا قوشۇلالايدۇ، ئۇنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرگە ئىشىك تاقاق بولىدۇ. ئەمما ئەقىدە، پىكىر ۋە ئەخلاقىي پىرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەتكە مۇشۇ ئەقىدە ۋە ئەخلاقىي پىرىنسىپكە ئىمان ئېيتقان ھەر قانداق شەخس قوشۇلالايدۇ.

ئەمدى بۇ ئەقىدە ۋە ئەخلاقىي پىرىنسىپلارغا ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا كەلسەك، بۇ جەمئىيەت ئۇلارنى ئۆز ئەزالىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئىنسانىي قېرىنداشلىق شەپقىتىگە ئېلىپ، ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ. بىر ئانىنىڭ ئىككى بالىسى پىكىر جەھەتتىن ئوخشىماسلىق سەۋەبىدىن ھاياتلىق يوللىرى ئايرىم بولسىمۇ، ئاكا ـ ئۇكىلىق قېرىنداشلىقى ساقلىنىپ قالغانغا ئوخشاش، ئىككى پارتىيە ياكى بىر دۆلەتتە ياشايدىغان ئىككى گۇرۇھمۇ ئەقىدە ۋە پىرىنسىپ جەھەتتە ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ياشاش جەمئىيىتى ئايرىم بولىدۇ. ئەمما ئىنسانپەرۋەرلىك ھەر ھالەتتە ئورتاق بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاساسلىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئەمدى ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ياشىشى ئۈچۈن قانداق ئۇسۇللارنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىگە نەزەر سالايلى:

## ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسى

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇلى ئائىلە. بۇ ئائىلە نىكاھ بىلەن قۇرۇلىدۇ. بۇ ئائىلىدىن بىر يېڭى ئەۋلاد بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل، تاغا ـ ھاما، كۈيئوغۇل ـ كېلىن قاتارلىق تۇغقانچىلىق رىشتىسى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تۇغقانچىلىق ۋە قېرىنداشلىقنىڭ باشقا ئالاقىلىرى ھەم پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىشلار تەرەققىي قىلىپ بىر چوڭ جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك، ئائىلە شۇنداق بىر ئورگانكى، ئۇنىڭدا بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلادنى ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن مېھىر ـ شەپقەت، كۆيۈمچانلىق ۋە جان پىدالىق بىلەن تەييارلايدۇ. بۇ ئورگان ئەۋلادلارنى پەقەت ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ۋە تەرەققىي

قىلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئورۇنباسارلىرىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ياخشى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ تەربىيەلەيدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن پەقەت ئائىلە ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى بولىدۇ. بۇ يىلتىزنىڭ ساغلام ۋە كۈچلۈك بولۇشى مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك ۋە ساغلام بولغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ھەممىدىن بۇرۇن ئائىلىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەم قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئەڭ توغرا مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ھالدا نىكاھلىنىپ، ئائىلە قۇرۇش مەقسەت قىلىنغان مۇناسىۋەتتۇر.

ئىسلام ئەر-ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھېچقانداق چەكلىمىسى يوق، مەسئۇلىيىتىمۇ يوق پەقەت ئادەتتىكى بىر كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارىمايدۇ. بەلكى نوقۇل كۆڭۈل ئۈچۈنلا قۇرۇلغان ئۇنداق مۇناسىۋەتنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىدىغان رەزىل مۇناسىۋەت دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ھارام ۋە قانۇن نۇقتىسىدىن جىنايەت دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئىسلام جەمئىيەتنى ئەنە شۇنداق مەدەنىيەتسىز مۇناسىۋەتنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىن ساقلاش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بۇزىدىغان غەيرى ئەخلاقىي مۇناسىۋەت ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن قوغداش ئۈچۈن قاتتىق جازا بەلگىلەيدۇ. ھىجاب ئەھكاملىرى، يات ئەر بىلەن يات ئايالنىڭ مەھرەمسىز ئۇچرىشىشىنى ۋە ئارىلىشىشىنى چەكلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غەيرى ئەخلاقى مۇناسىۋەتنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسى مەقسىتى ئائىلىنى قوغداشتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام نىكاھنى پەقەت جايىز دەپلا بولدى قىلماستىن، بەلكى ئۇنى بىر ياخشى ئەمەل، ساۋاپلىق ئىش، بىر ئىبادەت دەپ قارايدۇ. بالاغەتكە يەتكەن قىز-ئوغۇلنىڭ توي قىلماي يۈرۈشىگە يول قويمايدۇ. ئىسلام تەركىدۇنيا بولۇپ راھىپلارچە ياشاشنى توغرا كۆرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ئاللاھ ياراتقان تەبىئەتكە خىلاپ بىدئەت ئىش دەپ قارايدۇ. نىكاھلىنىشنى قىيىنلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئېغىرلىتىۋېتىدىغان ھەر قانداق رەسمىيەت ۋە قائىدە-يوسۇنلارنى قاتتىق يامان كۆرىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن ئىسلام دىنى يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئىچىدىن بەزىسى بىلەن نىكاھلىنىشنى ھارام قىلغاندىن كېيىن، باشقا يىراق تۇغقانلار بىلەن نىكاھلىنىشنى جائىز قىلىپ بەردى. ئىسلام تەبىقە ئايرىمچىلىقىغا خاتىمە بېرىپ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشىغا رۇخسەت قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تويلۇق ۋە مەھرىنى يەڭگىل بېكىتىشكە بۇيرىدى. ئىسلام دىنىدا نىكاھ قىز-يىگىتنىڭ رازىلىقى بىلەن ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھ بولۇشى ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. ئەمما بۇ نىكاھ مەخپىي بولسا بولمايدۇ. يۇرت-مەھەللىگە ئېلان قىلىپ ئوچۇق ئاشكارا قىلىش كېرەك.

ئىسلام ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەر كىشىگە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردى. ئايالنى ئېرىگە بويسۇنۇشقا، باللارنى ئاتا-ئانىسىغا بويسۇنۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بۇيرىدى. ئىسلام ئائىلىدە ئىنتىزامسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىككە يول قويمايدۇ. ھەر ھالەتتە مەسئۇلىيەت بىر باشقۇرغۇچىنىڭ قولىدا بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلامدا بۇ مەسئۇلىيەت ئائىلىدىكى ئاتىغىلا مەنسۇپ. ئۇنىڭ مەنىسى ئاتا ئۆينى ئۆزى خالىغانچە باشقۇرىدىغان ھاكىم ياكى ئايال كىشى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان بىر دېدەك ياكى ئۆيدە ھېچقانداق ھوقۇقى يوق دېگەنلىك ئەمەس. ئىسلامدا ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشتا سۆيگۈ-مۇھەببەت، رەھىم-شەپقەت ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئايالنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەرگە ئىتائەت قىلىش بولسا، ئەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ئۆز ھوقۇقىنى زۇلۇم ئۈچۈن ئەمەس، ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشتۇر.

ئىسلام ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنى مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇپ، چىقىشىپ بىللە ياشاشنىڭ كىچىككىنە ئىمكانىيىتى قالغانغا قەدەر ساقلاپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇمكىنچىلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەر كىشىگە تالاق قىلىش، ئايالغا ئاجرىشىش ھوقوقىنى بەرگەن. بۇ

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالدا، ئىسلام شەرئىي مەھكىمىسىگە بولسا، مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ ئورنىنى غەزەپ-نەپرەت ئىگىلىگەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنى ئايرىۋېتىش ھوقۇقىنى بەرگەن.

## تۇغقاندارچىلىق ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى

ئائىلىنىڭ چەكلىك مۇناسىۋەت دائىرىسىگە يانداشسىپ كېلىدىغان ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت ئۇرۇق-تۇغقانلار مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل ۋە قۇدا-باجا تەرەپلەردىن بولغان ھەر قايسى تۇغقانلار ئۆزئارا بىر-بىرسىگە غەمگۇزار، مەدەتكار ۋە كۆيۈمچان بولۇشنى خالايدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە سۈرىدە ئۇرۇق-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. «ﷲ ھەققەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش — ئەقرىبالارغا سىلە — رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ»[1] ھەدىستە سىلە-رەھىم قىلىشنى قايتا-قايتا تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇنى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل قاتارىدا سانايدۇ. ئىسلام ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا رەھىم-شەپقەت قىلماي ئازار بەرگەن ۋە ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشىگە قاتتىق نەپرەت ياغدۇرىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياردەم قىلىش ھەرگىزمۇ ئۇلار ھەق تەرەپتە بولسۇن ياكى زۇلۇم قىلغۇاتقان بولسۇن ھەر ھالدا ئۇلار تەرەپتە تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئىسلام دىنى ھەقىقەتكە قارشى ئۆز جەمەتى ۋە قەبىلىسىگە يان باسقاننى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇقى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك قايسى بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئامىمىنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆز تۇغقانلىرىغا ئىشلەتسە ياكى ھۆكۈم قىلىشتا ئۇرۇق-تۇغقانلارغا يان باسسا، ئۇ ھەرگىز ئىسلام كۆرسەتكەن ئادىللىق بولمايدۇ. بەلكى شەيتانىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام بۇيرىغان سىلە-رەھىم ئۆز تۇغقانلىرىغا ھەق ۋە ئادالەتتە لىللا تۇرۇپ ياردەم قىلىشتۇر.

ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدىن كېيىنكى ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا قوشنا مۇنداق ئۈچ قىسىم بولىدۇ. بىرى تۇغقان قوشنا، ئىككىنچىسى يات قوشنا، ئۈچىنچىسى ۋاقىتلىق قوشنا يەنى بىللە ئولتۇرغان ياكى بىللە سەپەر قىلغان، ۋاقىتلىق ھەمرا بولغان كىشىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن ياخشىلىق قىلىش، غەمخورلۇق ۋە ئىللىق مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك ئادەملەردۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا جىبرىئىل قوشنىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى شۇنداق قاتتىق تەكىتلىدىكى، مەن ئۇلارنى مىراسخورمۇ قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالدىم».[2]

يەنە ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولالمايدۇ دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. كىم مۇئمىن بولالمايدۇ يا رەسۇلۇللاھ دەپ سورالغاندا، قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم دەپ جاۋاب بەردى.»[3]

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قوشنىسى ئاچ ياتسا ئۆزى قورسىقىنى تويغۇزۇپ يۈرگەن ئادەم مۇئمىن ئەمەس.»[4]

بىر قېتىم ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق سورىدى: «بىر ئايال بار ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە سەدىقە-ئېھسان قىلىدۇ، ئەمما تىلى بىلەن قوشنىلىرىغا ئازار بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايال دوزىخى دېدى. يەنە دېيىشتى: بىر ئايال بار ناماز ئوقۇيدۇ، سەدىقە بېرىدۇ، ھېچكىمگە ئازار بەرمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايال جەننىتى

1 سۈرە نەھل 90-ئايەت

2 تىرمىزى رىۋايىتى

3 مۇسلىم رىۋايىتى

4 تەبەرانى رىۋايىتى

دېدى.»[1]

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەي ئەبۇ زەر شورپا سالساڭ، سۇيىنى كۆپرەك قىلغىن ۋە قوشنىلىرىڭغا نېسىۋىسىنى بەرگىن،» دېدى.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر قوشناڭ سېنى ياخشى دېسە سەن ياخشى. ئەگەر ساڭا قوشناڭنىڭ قارىشى ياخشى بولمىسا، سەن ياخشى ئەمەس.»[3]

قىسقىسى ئىسلام بىر-بىرىگە قوشنا بولغان ھەممە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا غەمگۇزار بولۇپ، خاپىلىق ۋە خۇشاللىقلىرىغا شېرىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈردۇ. ئىسلام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر-بىرىگە ئىشىنىدىغان، بىر-بىرىنىڭ جېنى، پۇل-مېلى ۋە ئابرۇيىنى قوغدايدىغان پۇختا ۋە قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ. ئاي-يىل ئۆتۈپ كەتسە بىر-بىرىدىن ئەھۋال سوراشمايدىغان، بىر مەھەللىدە تۇرۇپمۇ ئۆزئارا خەير-خاھلىق، ياردەم قىلىشمايدىغان ۋە بىر-بىرىگە ئىشىنىش بولمىغان قوشنىدارچىلىق ھەرگىزمۇ ئىسلامىي قوشنىدارچىلىق بولمايدۇ.

## پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدۇر

بۇ يېقىن مۇناسىۋەتلەردىن كېيىن دائىرىسى ئۇنىڭدىنمۇ زور بولغان، پۈتۈن جەمئىيەتكە كېڭەيگەن مۇناسىۋەت ئىسلامىي جامائەتچىلىك مۇناسىۋىتىدۇر. مۇشۇ دائىرىنىڭ ئىچىدە ئىسلام بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنى تۈۋەندىكى ئۇسۇل-پىرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ:

(1) «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.»[4]

(2) «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.»[5]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

(3) «دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇش لازىم، بىر نەرسە بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بېرىڭلار، بىر نەرسىنى بەرمىسەڭلار، ئاللاھنىڭ ئۇنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بەرمەڭلار.»[6]

(4) «بىر-بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاداۋەتلەشمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشمەڭلار، مال باھاسىنى قەستەن ئۆستۈرۈۋالماڭلار ۋە ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار.»[7]

(5) «گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، گۇمانخورلۇق سۆزلەرنىڭ ئەڭ يالغىنى ھېسابلىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، تىڭ-تىڭلاپ يۈرمەڭلار، نەپسانىيەتچىلىك قىلماڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاداۋەت قىلىشماڭلار، ماي تارتىپ يۈرمەڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنى بۇيرۇغىنى بويىچە ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار.»[8]

(6) «ناھەق بىر ئىشتا ئۆز قەۋمىنى ھىمايە قىلغان كىشى، قۇدۇققا يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان تۆگىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ، قۇدۇققا بىللە چۈشۈپ كەتكەن كىشىگە ئوخشاشتۇر.»[9]

(7) «بىراۋنىڭ زالىملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يانتاياق بولما!»[10]

(8) «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دىنىي قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ.»[11]

1 ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
2 مۇسلىم رىۋايىتى
3 ئىبنى ماجە رىۋايىتى
4 سۈرە مائىدە 2-ئايەت
5 سۈرە ئال ئىمران 110-ئايەت
6 تىرمىزى رىۋايىتى
7 مۇسلىم رىۋايىتى
8 مۇسلىم رىۋايىتى
9 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، مىشكاتتىن ئېلىنغان
10 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
11 بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋاكالىتەن تۇغۇپ بېرىش

پەتىۋادا: دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئۇستاز! بىر ئايال كېسەللىك سەۋەبى بىلەن بالىياتقۇسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئەر-ئايالنىڭ بەكلا پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇيى بار ئىكەن. ئۇلار سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئەر-ئايالنىڭ ھۆجەيرىسىنى ئېلىپ پىروبىركىدا يېتىلدۈرۈپ باشقا بىر ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرسە بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق ۋاكالىتەن تۇغۇپ بەرگۈچى ئاياللار بىلەن ئالاقىلىشىپ بېرىدىغان مەخسۇس شىركەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇقۇپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشقا دىنىمىزدا قانداق ھۆكۈم بارلىقىنى سوراپ بېرىشىمنى ماڭا ھاۋالە قىلغان ئىدى. مېنىڭ كاللامغا يەنە مۇنداق بىر سوئال كېلىپ قالدى. مەسىلەن، بۇ ئىش شەرئەتتە رۇخسەت دائىرىسىدە بولسا، ئۇنداقتا ۋاكالىتەن تۇغۇپ بەرگۈچى مۇسۇلمان بولۇش كېرەكمۇ؟ ۋاكالىتەن تۇغۇپ بەرگۈچى بۇ بالىغا نىسبەتەن ئانىنىڭ ھۆكمىدە بولامدۇ؟ بۇ مەسىلە مىراس مەسىلىلىرىگە چېتىلامدۇ؟

ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھ تائالاغا بولسۇن، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت-سالاملار بولسۇن.

《ۋاكالىتەن تۇغۇپ بېرىش》 ياكى 《بالىياتقۇ ئىجارىلاش》 ياكى 《ئورۇنباسار ئانا》 ياكى 《تۆرەلمە قەلەمچىسى》 دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ئىلمىي يېڭىلىق ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بۇ تېخنىكا بەزىبىر داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان تۇغماسلىق ھالەتلىرىگە ئۈنۈملۈك چارە تېپىپ، نەچچە يىللار پەرزەنت كۆرەلمەي مەھرۇملۇق دەردىنى تارتىۋاتقان ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئائىلىسىگە ئۈمىد پەيدا قىلغان.

كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇ ئۇسۇلدا تۇغۇش ماددىي بەدەل بىلەن بولىدىغان بولغاچقا 《بالىياتقۇ ئىجارىلاش》 دېگەن ئاتالغۇ بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

ئەلۋەتتە بۇ تۈرلۈك ئىلمىي يېڭىلىقلارنىڭ چىقىپ تۇرۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ كېسەللىرىگە داۋا تېپىش ئۈچۈن ئىلمىي تەتقىقاتلار توختاۋسىز ئىلگىرىلىشى زۆرۈر. بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان پەيدا بولغان 《بىر ئاتا، ئىككى ئانىلىق بوۋاق》 نامىدىكى تېببىي يېڭىلىقمۇ بوۋاقلاردىكى بەزىبىر داۋالىغىلى بولمايدىغان ئىرسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسەت قىلىنغان مۇشۇ تۈردىكى يېڭىلىقلاردىن بولۇپ، بۇ يېقىندا ئەنگلىيەدە قانۇنلۇق يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا چىققان 《كلون تېخنىكىسى》مۇ دەۋرىمىزدىكى مۇشۇ خىل يېڭىلىقلاردىندۇر.

لېكىن بۇ تۈرلۈك يېڭىلىقلارغا قارىتا ماس قەدەمدە شەرئى تەتقىقات ۋە ئىجتىھات قىلىنىشى، بۇلارنىڭ چەكلىنىدىغان ۋە چەكلەنمەيدىغان

تۈرلىرىنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىپ بېرىش ئۈچۈن فىقھى ئىزدىنىشلەرنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ئوخشاشلا زۆرۈر.

سوئالدىكى «ۋاكالىتەن تۇغۇپ بېرىش» ياكى «بالىياتقۇ ئىجارىلاش» مەسىلىسىگە قايتساق، بەزىبىر ئەھۋاللاردا تۇغماسلىق ياكى پەرزەنت كۆرەلمەسلىك سەۋەبىنى پەقەتلا تەن سىرتىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش ئارقىلىقلا داۋالىغىلى بولىدۇ. بۇ ئاخباراتتا ئادەتتە «پروبىركا بوۋىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.[1] لېكىن بۇ ئۇسۇل بىرقانچە تۈرگە ئايرىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈرى «بالىياتقۇنى ئىجارىلاش» ياكى «باشقىلارنىڭ بالىسىغا قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ بېرىش» بىلەن بولىدۇ. بۇ تۈرمۇ بىرقانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ. دېمەك بۇ سوئال تەن سىرتىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش ۋە يېتىشتۈرۈلگەن ھامىلىنى ئىككىنچى بىر ئايال بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈپ بالىنى تۇغدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشنى بەزىلەر ماددىي بەدەلسىز قىلىپ بەرسىمۇ كۆپىنچە ھەق ئېلىپ قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىجارىلاش ۋە ياللاشقىمۇ چېتىلىدۇ.

تەن سىرتىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ يېڭىلىق خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھەر دەۋر ۋە ھەر ماكانغا يارايدىغان ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلغان ئاساستا دەۋرىمىزدىكى تونۇلغان ئىجتىھاتلىق ئالىملار بۇ مەسىلىنى شەرىئەتنىڭ مەقسەت-نىشانلىرىنى كۆز ئالدىدا قويۇپ تۇرۇپ تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىشكە تىرىشقان.

«تەن سىرتىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش»نىڭ تەبىرى:

«تەن سىرتىدا ھامىلە يېتىشتۈرۈش» دېگىنىمىز، ئەرنىڭ ئىسپېرمىسىدىكى ئۇرۇق بىلەن ئايالنىڭ تۇخۇمىنى تەبىئىي جىماسىز بالىياتقۇ سىرتىدا شىشىدە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.[2]

تاللانغان بىر قانچە تۇخۇملارنى ئايرىم-ئايرىم بىرلەشتۈرۈپ ئىككى سوتكىدىن 7 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا تۆرەلمە بىلاستولا (balstula) باسقۇچىغا كىرگەندە تۆرەلمىلەرنىڭ ئەڭ سۈپەتلىكى تاللىنىپ بالىياتقۇغا كۆچۈرۈلىدۇ. ئارتۇق تۆرەلمىلەر كېيىنچە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئالاھىدە توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ.

تۆۋەندە تەن سىرتىدا تۆرەلمە يېتىشتۈرۈپ يات بىر ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈپ يېتىلدۈرۈپ تۇغدۇرۇشنىڭ ھۆكمى ئۈستىدە توختىلايلى. ئەلۋەتتە بۇ ھەقسىز ياكى ھەقلىق بولىدۇ.

«بالىياتقۇ ئىجارىلاش» تۈرلىرى ھازىرقى زامان يېڭىلىقلىرى بولغاچقا ئىلگىرىكى ئۆلىمالار بۇ ھەقتە بىرەر ھۆكۈم بايان قىلمىغان بولۇپ، دەۋرىمىزدىكى ئۆلىمالار بۇ خىل يېڭىلىقنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى ھۆكمىدە ئايرىم-ئايرىم توختالغان ۋە بۇ ھەقتە خېلى كۆپ پەتىۋالار ئوتتۇرىغا چىققان. بۇنىڭدا بەزى تۈرلەرنىڭ ھۆكمىدە بارلىق ئۆلىمالار بىردەك ئىتتىپاق بولسا، بەزىسىدە قاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس.[3]

## «تەن سىرتىدا ھامىلە يېتىلدۈرۈش» تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى

بىرىنچى تۈرى: ئەرنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئايالنىڭ تۇخۇمىنى شىشىدە بىرلەشتۈرۈشتىن ئاپىرىدە بولغان تۆرەلمە مەزكۇر ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلۈپ بوۋاق بولۇپ يېتىلىپ تۇغۇلىدۇ.

ئالىملارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن بۇ خىل ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلى زۆرۈر ئەھۋاللار تېپىلغاندا بەزىبىر شەرتلەر بىلەن جائىز. چۈنكى بۇ خىل تۈردە ئۇرۇق شۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇرۇقى، تۇخۇممۇ شۇ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ تۇخۇمى، تۇخۇم ۋە ئۇرۇق ئېلىنغان ۋاقىت بىلەن

(1) بۇنداق ئاتاش ئاخبارات تەرىپىدىن ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تۆرەلمە پروبىركىدا ئەمەس، شىشىدە قويۇلىدۇ. ئەمما بۇ جەرياندا پروبىركا قوللىنىلىدۇ.

(2) الموسوعة العربية العالمية. ترجمة أحمد عبد اللطيف. 345/1. مجلة المسلم المعاصر: أطفال الأنابيب بين العلم والشريعة د. زياد أحمد سلامة ص 60–64.

(3) مجلة المجمع الفقهي العدد الثاني 247/1، 360/1.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلگەن ۋاقىت شەرئىي نىكاھ ھالىتى، كېيىن تۆرەلمە كۆچۈرۈلگەن بالىياتقۇمۇ شۇ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ بالىياتقۇسى. ئۇنداق بولىدىكەن بۇ خىل ئۇسۇلدا ئەر-خوتۇن ئىككىيلەندىن باشقا يات بىر تەرەپ ئارىلاشمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئەر-خوتۇنلاردىكى بەزىبىر ئۇرۇقلانماسلىق ئەھۋاللىرىنى داۋالاش ئۈچۈن بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ. تۇغۇلغان بوۋاقمۇ ئەر-خوتۇن ئىككەيلەننىڭ شەرئىي پەرزەنتى بولىدۇ.(1)

بەزىدە ئەرنىڭ ئۇرۇقدىنىدا ساقلانغان ئۇرۇقلىرىنى يا سەپەر قىلىش يا تالاق بولۇش ياكى تۇرمىگە قامىلىش ياكى ئۆلۈش قاتارلىق نورمال مۇناسىۋەت ئۆتكۈزەلمەيدىغان چاغلاردا ئېرىدىن بالا يۈزى كۆرۈش ئۈچۈن ئايالىنىڭ توخۇمى بىلەن شىشىدە بىرلەشتۈرۈشتىن ئاپىرىدە بولغان تۆرەلمە مەزكۇر ئايالىنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلۈپ بوۋاق بولۇپ يېتىلىپ تۇغۇلىدۇ.(2)

شەرئىي جەھەتتىن تالاق قىلىنغان ئايال ئۆزۈل-كېسىل تالاق قىلىنغان ئەھۋالدا بۇرۇنقى ئېرىنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلغان تۇخۇمنى بالىياتقۇسىغا سالسا جائىز بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەھۋالدا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن. ئەمما ئەمرىگە قايتۇرۇۋالالايدىغان (رەجئىي) تالاق قىلىنغان ئەھۋالدا ئىددەت مەزگىلىدە ئەرنىڭ رازىلىقى بىلەن ئېرىنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلغان تۇخۇمنى بالىياتقۇسىغا سالسا جائىز بولىدۇ. چۈنكى رەجئىي تالاقتىن ئىددەت مەزگىلىدە ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت تېخى ئۈزۈلمىگەن بولىدۇ.

شۇنداقلا ئېرىنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلغان تۇخۇمنى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بالىياتقۇسىغا سالسا جائىز بولمايدۇ. چۈنكى ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئۆلۈم بىلەن ئۈزۈلگەندۇر. لېكىن بۇ ئەھۋالدا بەزى ئالىملار بالىنىڭ نەسەبىنى تالاق قىلغان ياكى ئۆلگەن ئەرگە مەنسۇپ قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن.(3)

ئىككىنچى تۈرى: ئەرنىڭ ساغلام ئۇرۇق ئىشلەپ چىقىرىش ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن يات بىر ئەرنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئايالىنىڭ تۇخۇمنى شىشىدە بىرلەشتۈرۈشتىن ئاپىرىدە بولغان تۆرەلمە مەزكۇر ئايالىنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلۈپ بوۋاق بولۇپ يېتىلىپ تۇغۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئېنىق ھارام. چۈنكى ئۇرۇق ئىگىسى ئۇ ئايالغا يات كىشىدۇر.

ئۈچىنچى تۈرى: ئۇرۇقمۇ، تۇخۇممۇ يات كىشىلەردىن ئېلىنىپ شىشىدە بىرلەشتۈرۈشتىن ئاپىرىدە بولغان تۆرەلمە تۇخۇمنىڭ ئىگىسى بولمىغان باشقا بىر ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلۈپ بوۋاق بولۇپ يېتىلىپ تۇغۇلىدۇ. بۇ تۈرنى «تۆرەلمە سېتىۋېلىش» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق، چۈنكى بۇنىڭدا تۆرەلمە سېتىۋېلىنىدۇ. ئەگەر تۇغۇپ بولغاندا ھەق ئېلىپ بوۋاقنى 3-بىر ئايالغا بېرىۋەتسە بۇ بىر تەرەپتىن «بالىياتقۇ ئىجارىلاش»، يەنە بىر تەرەپتىن «تۆرەلمە سېتىۋېلىش» بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلمۇ ئېنىق ھارام. چۈنكى ئۇرۇق ئىگىسى ئۇ ئايالغا يات كىشىدۇر.(4)

تۆتىنچى تۈرى: ئەرنىڭ ئۇرۇقى يات بىر ئايالنىڭ تۇخۇمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تۆرەلمە شۇ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلىدۇ. بۇ «تۇخۇم سېتىۋېلىش» بولىدۇ.(5)

بۇ ئۇسۇلمۇ جائىز ئەمەس. چۈنكى ئايال يات. ئۇرۇق يات ئايالنىڭ توخۇمى بىلەن ئۇرۇقلىنىشى چەكلىنىش بىلەن بىرگە، يات ئايالنىڭ تۇخۇمى بىلەن ئۇرۇقلانغان تۆرەلمىنى بالىياتقۇسىغا سېلىشمۇ چەكلىنىدىغان ئىش. بۇ ئارقىلىق تۆرەلمىنىڭ نەسەبى ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ مەنسۇپ بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ نەسەبى ۋەلەدى زىنا (ھارامدىن بولغان) غا ئوخشاش قورساق

---

(1) قضايا فقهية معاصرة كلية الشريعة–جامعة الأزهر 308/1. قرار لمجمع الفقه بمنظمة المؤتمر الإسلامي سنة 1407هـ.

(2) مجلة المسلم المعاصر: أطفال الأنابيب بين العلم والشريعة د. زياد أحمد سلامة ص97.

(3) قضايا فقهية معاصرة كلية الشريعة–جامعة الأزهر 328/1. الفقه الإسلامي وأدلته د وهبة الزحيلي 5181/7.

(4) قضايا فقهية معاصرة كلية الشريعة–جامعة الأزهر 315/1. الفقه الإسلامي وأدلته د وهبة الزحيلي 5181/7.

(5) تأجير الأرحام في الفقه الإسلامي د. هند الخولي كلية الشريعة جامعة دمشق. 281–بەت.

كۆتۈرگەن ئانىغا مەنسۇپ قىلىنىدۇ.[1]

بەشىنچى تۈرى: ئەرنىڭ ئۇرۇقى يات بىر ئايالنىڭ تۇخۇمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تۆرەلمە يەنە بىر يات ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلىدۇ. يەنى بۇ 3 تەرەپ بىر-بىرىگە يات ئادەملەر بولىدۇ.[2]

بۇ ئۇسۇلمۇ ھارام ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇرۇق ئىگىسى، تۇخۇم ئىگىسى ۋە قورساق كۆتۈرگۈچى 3 تەرەپ بىر-بىرىگە يات. بەلكى تېخى بۇ 3 كىشى تۆرەلمىنى مەزكۇر تەرىقىدە يېتىلدۈرۈپ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بوۋاقنى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن باشقا بىر ئائىلىگە سېتىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار بوۋاقنى سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ بالىسى سۈپىتىدە نوپۇسقا ئالدۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئىسلام ھارام قىلىۋەتكەن «بېقىۋېلىنغان بالىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش» مەسىلىسىمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىدۇ.[3]

ئالتىنچى تۈرى: ئۇ بولسىمۇ سوئالدىكى «ۋاكالىتەن تۇغۇپ بېرىش» تۈرى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەرنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئايالىنىڭ تۇخۇمىنى شىشىدە بىرلەشتۈرۈشتىن ئاپىرىدە بولغان تۆرەلمە يات بىر ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلۈپ بوۋاق بولۇپ يېتىلىپ تۇغۇلىدۇ. قورساق كۆتۈرۈپ بەرگەن ئايال بۇنى يا خالىسانە يا ھەق ئېلىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. ھەق ئالسا «بالىياتقۇ ئىجارىلاش» بولىدۇ.

بەزىدە ئەرنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلىشىمۇ مۇمكىن. ھازىر ياۋروپا ۋە غەرب ئەللىرىدە كېسەللىك سەۋەبىدىن ئەمەس، بەزى باي تەبىقىلەردىكى ئاياللار تۇغۇت جاپاسىنى تارتماسلىق ئۈچۈن بالىياتقۇ ياللايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپىيىشكە باشلىماقتا. ئامېرىكا ۋە باشقا جايلاردا **(Storkes)** قاتارلىق مەخسۇس بالىياتقۇ ئىجارىگە بېرىدىغان شىركەتلەر قۇرۇلماقتا. توختام بويىچە بالىياتقۇسىنى سېتىپ

(1) قضايا فقهية معاصرة كلية الشريعة–جامعة الأزهر 1/309–310.

(2) مجلة المسلم المعاصر: أطفال الأنابيب بين العلم والشريعة د. زياد أحمد سلامة 97–بەت. التلقيح الصناعي وأطفال الأنابيب بحث مقدم لمؤتمر المجمع الفقهي الإسلامي في دورته السابعة بمكة المكرمة لعام 1404هـ 299–بەت. (http://www.layyous.com)

(3) قضايا فقهية معاصرة كلية الشريعة–جامعة الأزهر 1/313–314.

قورساق كۆتۈرگەن ئاياللار تۇغۇپ بولۇپ، بوۋاقنى بىرىنچى ئايالغا ياكى پۇل تۆلىگەنلەرگە تاپشۇرۇپ ئۆز يولىغا ماڭىدۇ. بۇ ئىشلار ئىسلام دۇنياسىدىمۇ يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى.[4]

بۇ ئۇسۇلدا «ۋاكالىتەن تۇغۇپ بېرىش» شەرئى جەھەتتىن ھارام. بۇ ئاساسەن كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ چىقارغان ھۆكمى بولۇپ، جائىز ئەمەسلىكىگە «ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى» غا تەۋە «ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى»، «ئىسلام قۇرۇلتىيى»غا تەۋە «ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى» ۋە يەنە «ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى» قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ ئالى پەتىۋا ئورگانلىرى قارار چىقارغان.[5]

ھارام دەپ قارىغانلار ئىچىدە ئىمام يۇسۇف قەرداۋى، دوكتور مۇستافا زەرقا ۋە دوكتور مۇھەممەد رەفەت ئوسمان قاتارلىق نۇرغۇن ئالىملار بار.

«ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى» بۇنىڭغا مۇنداق سەۋەب كۆرسەتكەن: «قورساق كۆتۈرۈش ئىشىدا ئۈچىنچى بىر تەرەپنى ئىشلىتىش ھارام بولىدۇ. بۇنىڭدىكى نەرسە ئىسپېرما بولسۇن ياكى تۇخۇم بولسۇن ياكى تۆرەلمە بولسۇن ئوخشاش. شۇنداقلا ئۈچىنچى تەرەپ ياللانغان بولسۇن ياكى ياردەم قىلغان بولسۇن ئوخشاش».[6]

جائىز بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى:

**1**. بىر ئەرنىڭ بىر ئايالدىن پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ئىككىلەن ئوتتۇرىدا شەرتلىرى تولۇق، توغرا ئەر-خوتۇنلۇق ھالىتى بولۇشى شەرت. مەزكۇر ئەھۋالدا ئىسپېرما ئىگىسى بىلەن قورساق كۆتۈرگۈچى ئوتتۇرىدا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت يوق. ئۇنداق بولىدىكەن، باشقا ئايالنىڭ بىرىنچى ئايالنىڭ ئېرى تەرىپىدىن

(4) مجلة المجمع الفقهي العدد الثاني 1/247، 1/292.

(5) قرار مجمع البحوث الإسلامية بمصر رقم 1 بجلسته المنعقدة بتاريخ الخميس 29 مارس 2001م، وقرار مجلس المجمع الفقهي الإسلامي في دورته الثامنة المنعقدة بمقر رابطة العالم الإسلامي في مكة المكرمة في الفترة من يوم السبت 28 ربيع الآخر 1405هـ إلى يوم الإثنين 7 جمادى الأولى 1405هـ الموافق من 19–28 يناير 1985م.

(6) «ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى» 2001-يىلىدىكى قارارى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۈرۈقلانغان تۇخۇمنى قورسىقىدا كۆتۈرۈشى شەرئەتكە زىت ۋە چەكلەنگەن يول بىلەن ھامىلە بولغان بولىدۇ.

2. مەلۇم بىر بالىياتقۇدىن پەرزەنت كۆرۈش ھەققى بىلەن ئاشۇ بالىياتقۇ ئىگىسىدىن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق بەھر ئېلىش بىلەن شۇ ئىشنىڭ جائىز بولۇش ئوتتۇرىدا شەرئى باغلىنىش بار. بۇنى مۇنداق بىر قائىدە شەكلىدە ئىپادىلەش مۇمكىن: بىر ئايالدىن جىنسىي بەھر ئېلىش ھەققى بار كىشىنىڭ ئۇ ئايالنى ھامىلدار قىلىپ ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرۈش ھەققى بار. بىر ئايالدىن جىنسىي بەھر ئېلىش ھەققى يوق كىشىنىڭ ئۇ ئايالنى ھامىلدار قىلىپ ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرۈش ھەققى يوق.

3. بالىياتقۇنى بىرىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. خۇددى جىنسىي بەھر ئېلىش ئۈچۈن ئايال كىشى جىسمىنى سېتىش ياكى ئىجارىلاش ياكى ھەدىيە قىلىش توغرا بولمىغىنىدەكلا، ئايالنىڭ بالىياتقۇسىمۇ بىرىپ تۇرۇشقا ۋە ئىجارىگە بېرىشكە بولمايدۇ. جىنسىي بەھر ئېلىشتىن ھامىلدار قىلىش كېلىپ چىقىدىغان بولغاچقا بۇ ئىش شۇ ئايالنىڭ ئېرىدىن باشقىلارغا ھارام قىلىنغان. ئۇنداق بولىدىكەن ئايال كىشى پەقەت ئېرىنىڭلا بالىسىغا قورساق كۆتۈرسە بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغىنىدا نەسەبلەر قوچۇلۇپ كېتىدۇ. زىنانىڭ ھارام قىلىنغانلىقىمۇ بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

4. شەرئەت ئىنسانلار ئوتتۇرىدا تالاش-تارتىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى ھارام قىلىۋەتكەن. رەسۇلۇللاھمۇ سودىدا تالاش-تارتىشقا سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق نامەلۇملۇقتىن توسقان.[1]

بالىياتقۇنى ئىجارىلاشمۇ ئىككى ئايال ئوتتۇرىدا تالاش-تارتىشقا ئېلىپ بارىدۇ. قايسىسى ئانا؟ توخۇم ئىگىسىمۇ ياكى بالىياتقۇ ئىگىسىمۇ؟ بەلكى تېخى بۇ تالاش-تارتىش دائىرىسى بالىنىڭ نەسەبى ئۆزىگە ئىسپاتلىنىشتىن پايدىلىنىدىغان باشقا تەرەپلەرگىمۇ كېڭىيىشى چوڭ ئېھتىمال. بولۇپمۇ بالىنىڭ مىراس ياكى باشقا شەكىلدە ماددىي ھەق-ھوقۇقلىرى بولغان تەقدىردە تېخىمۇ شۇنداق. شەرىئەتنىڭ نىشانلىرىدىن بىرى بولسا، جەمىيەتتىكى ئىنسانلار ئوتتۇرىدا نىزا پەيدا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ يولىنى تاقاش بولۇپ، بۇ تۈر نىزاغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار شەرىئەتتە جائىز بولمايدۇ.

5. بالىياتقۇ بېرىپ تۇرۇش نەسەب قوچۇلۇپ كېتىشنى كەلتۈرىدۇ. چۈنكى بالىياتقۇغا تۆرەلمنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بۇ تۆرەلمە ئۆلۈپ قېلىپ ياكى كۆچۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىپ، بالىياتقۇ ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئېرىدىن ھامىلدار بولۇپ قېلىشى، نەتىجىدە ھامىلە كۆچۈرۈلگەن يات تۆرەلمىدىن يېتىلگەن دەپ ئويلاپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار. ئەمەلىيەتتە بۇ ھامىلە بالىياتقۇ ئىگىسىنىڭ تۇخۇمى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ ئۇرۇقىدىن بولغان. شۇنداقلا بالىياتقۇ بېرىپ تۇرغان ئايال تۆرەلمە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆز ئېرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ تۇرسا ئوخشاشلا نەسەب ئارىلىشىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ. چۈنكى تۆرەلمە قورساق كۆتۈرگەن ئايالدىن غىزالانغىنىدەك، ئۇ ئايالغا يېقىن كېلىۋاتقان ئەرنىڭ ئىسپېرمىسىدىنمۇ غىزالىنىدۇ. ھەدىستە باشقا بىرسىدىن ھامىلدار بولغان ئايالغا يېقىن كېلىش ئېنىق چەكلەنگەن. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، سۈيىدە باشقىلارنىڭ زىرائىتىنى سۇغارمىسۇن». يەنى باشقا بىرىدىن ھامىلدار بولغان ئايالغا يېقىن كەلمىسۇن دېمەكچى.[2]

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋتاس كۈنى ئەسىرگە چۈشكەن دېدەكلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھامىلدار ئاياللارغا تۇغۇپ بولمىغىچە، ھامىلدار ئەمەسلىرى بىر قېتىم ھەيز كۆرۈپ بولمىغىچە يېقىن كەلمەڭلار».[3]

6. ئەگەر بالىياتقۇ بېرىپ تۇرغان ئايال تۇل بولغان تەقدىردە زىنا بىلەن قارىلىنىشتىن

(1) «سەھىھ مۇسلىم» 1513-ھەدىس

(2) «مۇسنەدى ئەھمەد» 17031-ھەدىس. «ئەبۇ داۋۇد» 2158-ھەدىس. تىرمىزى ھەسەن دەپ باھالىغان

(3) ئەبۇ داۋۇد: 2157) ئەلبانى: "سەھىھ" دېگەن.

ساقلىنالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىش زىنا ـ پاھىشىنىڭ يامرىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى تول ياكى بويتاق تۇرۇپ ھامىلدار بولۇپ قالغانلار ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن بالىياتقۇمنى ئىجارىگە بەرگەن دەپ تۇرىۋالىدۇ. زىنادىن قورساق كۆتۈرگەن ئايال بىلەن بالىياتقۇ ئىجارىلاپ قورساق كۆتۈرگەن ئايالنى ئايرىش تەسكە چۈشىدۇ. بۇ بىنورمال ئەھۋال ئىجتىمائىي جەھەتتىن نۇرغۇن پاراكەندىچىلىكلەرنى ۋە بۇزۇقچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تۇرغانلا گەپ.

7. ئەلۋەتتە ئەرنى ئۆز ئايالىغا يېقىن كېلىشتىن توسقىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا بالىياتقۇسىنى ئىجارىگە بەرگەن ئايال ھامىلدارلىق مەزگىلىدە ئېرىنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشىنى رەت قىلسا بولمايدۇ. بۇ شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىدە ئېنىق چەكلەنگەن ئىشلاردۇر. بالىياتقۇ ئىجارىلاش توختامىمۇ ئەرنىڭ ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىش ھەققىنى بىكار قىلىۋەتسە باتىل توختام بولىدۇ. يەنە تېخى بۇ ئىجارە توختامىنىڭ تەرەپلىرىنى بىكىتىش، مەزكۇر ئايال ئېرىنىڭ تەلۋىگە ئاساسەن ئېرى بىلەن بىللە بولسا بۇ توختامنى بۇزغان ھېسابلىنامدۇ ياكى بۇ ھالالنى ھارام قىلىۋېتىدىغان باتىل شەرت بولۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق كېرەكمۇ؟ ناۋادا تالاق قىلىنسا قورسىقىدا باشقىلارنىڭ تۆرەلمىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىۋاتقان مۇددەتتە بۇ ئايال ئەرگە تېگەلەمدۇ؟ ياكى ئىجارە توختامى سەۋەبلىك تۇغقانغا قەدەر ئەرگە تېگىشتىن چەكلىنەمدۇ؟ تۆرەلمە ئىگىلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز يىراق جايلارغا سەپەر قىلالامدۇ؟ ياكى سەپەردىن مەنئى قىلىنامدۇ؟ بۇ ئايال بالىياتقۇسىنى ئىجارىگە بەرگەنلىكنى ئىنكار قىلىپ بالىنى ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز ئېرىنىڭ نامىدا نوپۇسقا ئالدۇرغان تەقدىردە قانۇنىي ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟ تۆرەلمە ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەققىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەك؟ قورساق كۆتۈرگەن ئايال بالىنى قەستەن چۈشۈرىۋەتسە قانداق جازالىنىدۇ؟ ئېرى بار تۇرۇپ بالىياتقۇسىنى ئىجارىگە بەرگەن ئەھۋالدا تۇغقان بوۋاق ئېرىگە مەنسۇپ قىلىنماي قالسا «بالا

دېگەن كۆرپە ئىگىسىگە تەۋەدۇر» دېگەن[1] ئېنىق ھەدىسكە زىت كېلىشچۇ؟ مانا بۇلارمۇ مەزكۇر توختامنى باتىل قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.[2]

8. بالىياتقۇ ئىجارىلاشنى ھارام دېيىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بۇ ئىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرنىڭ كۆپلۈكى. مەسىلەن: ئاللاھ ياراتقان ۋە ئىنسانىيەت تونۇغان ئائىلىقنى تىجارەت تاۋىرىغا ئايلاندۇرۇش، ھازىر غەرب ئەللىرىدە نۇرغۇن شىركەتلەر قۇرۇلۇپ نامرات ئاياللارنىڭ بالىياتقۇلىرىنى ئىجارىلاپ تۇغقۇت جاپاسى تارتمايلا بالىغا ئىگە بولۇشنى خالايدىغان بايلارغا خىزمەت قىلماقتا. نەتىجىدە نامراتلارنىڭ بالىياتقۇلىرى تىجارەت تاۋىرىغا ئايلىنىپ قالماقتا. بۇ ئىش ئاياللارنى تەلەپكە ئاساسەن بالىياتقۇلىرىنى ئىجارىگە بېرىپ جان باقىدىغان قىلىپ قويۇپ، ھەقىقىي ئائىلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. كىرالىنىدىغان ئۇلاققا ئوخشىتىپ قويىدۇ. ئانا بولۇش ھەققى، ئېمىتىنى ساقلاش ھەققى، نەسلىنى ساقلاش ھەققى قاتارلىق تەبئىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاياللار ئىززىتى دەپسەندە قىلىنىپ خارلىنىشقا ئۇچرايدۇ.

9. پۈتۈن ساماۋى شەرىئەتلەر ئۇلۇغ بىلگەن ۋە نۇرغۇن ئەھكاملىرىنى بېكىتكەن، دانىشمەنلەر، ئەدىبلەر ۋە شائىرلار پەزىلىتى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىۋاتقان ئائىلىقنىڭ ئۇلۇغلىقى تۇخۇمدان ئىشلەپ چىقارغان بىر تۇخۇمنى ئۇرۇق بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىنلا كېلىپ چىقمايدۇ. بەلكى قورساق كۆتۈرۈش، سىېزىك تارتىش، ھامىلدارلىق جاپاسى، تۇغۇت تولغىقى ۋە تۇغۇتتىن كېيىنكى ئاجىزلاش ۋە ئېمىتىش بىلەن بولىدۇ. مانا بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمراھلىق ئائىلىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئىمام قەرداۋى مۇنداق دەيدۇ: 《ئەرەبلەر ئانىنى 《ۋالىدە》 يەنى 《تۇغقۇچى》 دەپ ئاتايدۇ. پەرزەنتلەرنىمۇ 《ئەۋلاد》 دەپ ئاتايدۇ. بۇ نەسەب ئىسپاتلاشتا تۇغۇشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيىتى بارلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن تۇخۇم

---

(1) سەھىھەيىن: ″بۇخارى: 2745 ـ ھەدىس. ″مۇسلىم: 1457 ـ ھەدىس.

(2) http://www.onislam.net/arabic/health_a_science/health/91784_2001_04_04%2000_00_00.html

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ئىرسىي سۈپەتلەرنى يۆتكەشتە ئەھمىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىلا ھەقىقىي ئانىلىقنى ۋۇجۇتقا چىقارمايدۇ. ئانىلىق دېگەن قورساق كۆتۈرۈش، سېزىك ۋە تولغاق ئازابىنى تارتىشتۇر. تۇخۇم ئىگىسى پەرزەنت ئۈچۈن جاپا تارتمىغان، بىر ئىش قىلمىغان تۇرسا، توققۇز ئاي ئارامىدا ياشاپ كېلىپلا بالىنى قېنى بىلەن غىزالاندۇرۇپ، ۋۇجۇدىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە تۇغقان نامرات بىچارە ئايالدىن تەييار بالىنى تارتىۋالسا بولامدۇ؟ ھەقىقىي ئانا كىم؟ كىم بوۋاققا ئىگە بولۇشقا ئەڭ ھەقلىق؟ بۇ غەرب مەدەنىيىتى ئىجاد قىلغان يېڭىلىق بولۇپ، غەربلىكلەر ئېسىل ۋە چىرايلىق ئانىلىق بىلەن ھەپىلىشىپ ئۇنى دەپسەندە قىلغان》.[1]

يۇقىرىقىلاردىن ئېرىنىڭ ئۇرۇقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن تۇخۇمنى باشقا بىر ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈپ تۇغدۇرۇش شەرىئەتتە ئىجارىلاش شەكلىدە بولسۇن ياكى ھەدىيە شەكلىدە بولسۇن ياكى ياردەم شەكلىدە بولسۇن جائىز ئەمەسلىكى ئايان بولدى.[2]

بۇ مەسىلىدە پەقەت 《ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى》 ئەزاسى دوكتور مۇھەممەد رەجەب بەييۇمى شەرتلىك جائىز دەپ قارىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا 《ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى》نىڭ بارلىق ئەزالىرى بىردەك چەكلىگەن. پەتىۋا ساھەسىدە ئاشۇ چوڭ پەتىۋا ئورگانلىرىدىكى كۆپچىلىكنىڭ قارارى كۈچكە ئىگە.[3]

يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار ئايال كىشى كۈندىشىگە بالىياتقۇسىنى بېرىپ تۇرسا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، 《ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى》 بۇنى مۇنداق دەپ رەت قىلغان: 《تۆرەلمە بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈلگەن 2-ئايال تۆرەلمە كۆچۈرۈلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەستە تېخى بالىياتقۇسىنىڭ ئاغزى ئېتىلمەي تۇرۇپ ئېرى بىلەن بىللە بولسا، ئېرىدىن قورساق كۆتۈرۈش ئېھتىمالى بولىدۇ. نەتىجىدە قوشكېزەك تۇغۇپ قالىدۇ. قوشكېزەكنىڭ قايسىسى كۆچۈرۈلگەن تۆرەلمىدىن، قايسىسى شۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ تۇخۇمىدىن بولدى بۇنى ئايرىغىلى بولمايدۇ ياكى ئىككى ھامىلىنىڭ بىرى ئۇيۇل قان ھالىتىدىكى چاغدا ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئانىسى بىلىنمەي قالىدۇ. بۇ ئانا تەرەپتىن نەسەب ئارىلىشىپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.》[4]

بالىياتقۇ ئىجارىلاشتىن كېلىپ چىقىدىغان مەسىلىلەر

1. بوۋاقنىڭ نەسەبى. بالىياتقۇ ئىجارىلاش ھارام ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش يۈز بېرىپ بالا تۇغۇلغان تەقدىردە ئۇنىڭ نەسەبى كىمگە تەۋە بولۇشى ئايرىم بىر ئىش. ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئىككى قاراشتا:

بىرى: بوۋاقنىڭ نەسەبى ئۇرۇق ئىگىسى بولغان ئەر بىلەن تۇخۇم ئىگىسى بولغان ئايالغا تەۋە بولىدۇ. قورساق كۆتۈرۈپ بەرگەن ئايال ئېنىكئانىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىرسىي خۇسۇسىيەتلەر تۇخۇم بىلەن ئۇرۇقتىن بولىدۇ. بالىياتقۇ ئىگىسىنىڭ ئىرسىيەتكە تەسىرى بولمايدۇ. چۈنكى بالىياتقۇ بىر ماكاندۇر.

ئىككىنچى قاراش: ئەگەر بالىياتقۇ ئىگىسى بولغان ئايال ئېرى بار ئايال بولسا، بوۋاق تۇغقان ئايال بىلەن شۇ ئايالنىڭ ئېرىگە مەنسۇپ بولىدۇ.[5]

بۇنىڭ تەسىرى بېقىش ھەققى ۋە مەھرەملىك قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەردە كۆرۈلىدۇ.

2. قورساق كۆتۈرگەن ئايالنىڭ نەپىقىسى.

ئىمام قەرداۋى مۇنداق دەيدۇ: 《قورساق كۆتۈرگەن ئايالنىڭ نەپىقىسى بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى بالىياتقۇ ئىگىسى تۆرەلمىنى قېنى بىلەن غىزالاندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەپىقە ئېلىشى لازىم. ئۇ ئايالنىڭ نەپىقىسى ھامىلىدارلىق ۋە نىپاسدارلىق مۇددىتى

---

(1) الإسلام حضارة الغد، يوسف القرضاوي، ص 55، مكتبة وهبة.

(2) قضايا فقهية معاصرة كلية الشريعة–جامعة الأزهر 16-10/1

(3) http://www.onislam.net/arabic/health-a-science/health/91784-2001-04-04%2000-00-00.html

(4) من قارارات المجمع الفقه الإسلامي لعام 1405هـ مجلة المجمع الفقه الإسلامي ص 324. قضايا طبية معاصرة. عمر الأشقر ص 821.

(5) قضايا فقهية معاصرة كلية الشريعة–جامعة الأزهر 16/1. تأجير الأرحام في الفقه الإسلامي. دكتورة هند الخولي 293–بەت. 63 مجلة المجمع الفقهي، الدورة الثانية، ص 30؛)

ئاخىرلاشقىچە بېرىلىدۇ». [1]

3. مىراس ۋە ئاتا ـ ئانىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر.

بۇنىڭغا مىراس، مەھرەملىك، قىساس ئېلىش ھەققى ياكى تۆلەم ئېلىش ھەققى، ۋەلىيلىك مەسىلىسى، نەپىقە ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر چېتىلىدۇ.

4. روھى پاراكەندىچىلىك. بوۋاقنىڭ تۇغۇتتىن كېيىن ئىككى ئانا ئوتتۇرىسىدىكى تەڭلىك سەۋەبىدىن تارتىسىدىغان روھى ئازابىمۇ ئۇنى بىئارام قىلىدۇ. ئىككى ئانىنىڭ بالىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمۇ بىر تۈرلۈك مەھرۇملۇقتۇر. بالىغا قورساق كۆتۈرگەن ئايال توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ ئانىلىقنى ھېس قىلغاندا بوۋىقنى باشقا بىر ئايال ئېلىپ كەتسە، بۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر زەربە بولىدۇ. باشقا بىر ئايال قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان بالىنى باشقا بىر ئايالنىڭ بېقىشىمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئۇ ئانا ھەقىقىي ئانىلىق ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى تۇغقان ئانا بىلەن بوۋاق ئوتتۇرىدا مەلۇپ رىشتە پەيدا بولۇپ، ئىككىسى ئوتتۇرىدا ئانا ـ بالىلىق مېھرى بولىدۇ. كېيىن باشقا بىر ئايال بىلەن ئانا ـ بالىلىق رىشتىسى قۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ.

5. بالىياتقۇ بېرىپ تۇرغۇچى ئايال توخۇم ئىگىسىنىڭ ئانىسى، ھەمشىرىسى ياكى قىزى بولغان تەقدىردە نەتىجە قانداق بولىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە جەنۇبى ئافرىقىدا ئانا قىزى ئۈچۈن بالىياتقۇسىنى بېرىپ تۇرۇپ قىزىنىڭ بالىسىنى تۇغۇپ بەرگەن. ئىتالىيەدە قىزى ئانىسىغا بالىياتقۇسىنى بېرىپ تۇرۇپ ئانىسىنىڭ بالىسىنى تۇغۇپ بەرگەن. ۋە يۇقىرىقى ئىككى ئايال قوشكېزەكلەرنى تۇغقان. ئەگەردە بەزى ئالىملار جائىز دەپ قارىغاندەك كۈندىشىگە بالىياتقۇسىنى بېرىپ تۇرسا بولىدۇ دېگەن قاراش بويىچە ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، كۈندىشىنىڭ بالىسىغا قورساق كۆتۈرۈپ بەرسە نەتىجە قانداق بولىدۇ؟

6. بالىياتقۇسىنى بېرىپ تۇرغان ئايالنىڭ ئېرى بوۋاقنىڭ دادىسى بولامدۇ ياكى ئۇرۇقنىڭ ئىگىسى بالىنىڭ دادىسى بولامدۇ دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ئىككى قاراشتا بولغان.

بىرىنچى قاراش: بالىياتقۇسىنى بېرىپ تۇرغان ئايالنىڭ ئېرى بوۋاقنىڭ دادىسى بولىدۇ. ئۇرۇقنىڭ ئىگىسى دادىسى بولمايدۇ.

ئىككىنچى قاراش: ئۇرۇقنىڭ ئىگىسى بوۋاقنىڭ دادىسى بولىدۇ. بالىياتقۇسىنى بېرىپ تۇرغان ئايالنىڭ ئېرى دادىسى بولمايدۇ. بۇ ئىمام قەرداۋى ۋە «ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى» نىڭ قارىشىدۇر. [2]

بۇنىڭغا ئاساسەن بالىياتقۇسىنى بېرىپ قورساق كۆتۈرگەن ئايالنىڭ ئېرى بالىنى ئۆزىنىڭ بالىسى سۈپىتىدە نوپۇسقا نوپۇسقا ئالدۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بالىنىڭ ئۆزىدىن بولمىغىنىنى ئېنىق بىلىدۇ. بەلكى ئۇنى بالام ئەمەس دەپ تېنىشى ۋاجىب.

خۇلاسە: تەن سىرتىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش ئىشىدا پەقەتلا ئەرنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئايالنىڭ تۇخۇمىنى ئۇرۇقلاندۇرۇپ ئايالنىڭ بالىياتقۇسىغا كۆچۈرۈش ئۇسۇلى بەزىبىر شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ئەھۋالدا جائىز. باشقا ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ھارام.

مۇئمىن كىشى ئاللاھنىڭ پۈتكىنىگە سەۋر قىلىدۇ. رازى بولىدۇ. سىناق ۋە مۇسىبەتلەر ئىچىدە ئىلاھىي رەھمەتنى كۆرەلەيدۇ. ھەدىستە كەلگەندەك: «سەۋر سىناققا كۆرە، سەۋرگە كۆرە مۇكاپات بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ياخشى كۆرگەنلەرنى تۈرلۈك مۇسىبەتلەر بىلەن سىنايدۇ. رازى بولغانلاردىن رازى بولىدۇ. نارازى بولغانلاردىن نارازى بولىدۇ». [3]

شەرىئەت يول قويغان ئىككىنچى ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشنى قانۇنلاشتۇرماسلىقنىڭ زىيىنى غەرب پەيدا قىلغان بۇ ئاۋارىچىلىكنىڭ زىيىنىدىن يەڭگىل بولۇشى ئېنىق. يېتىم بالىنى بېقىۋېلىشمۇ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ يەنە بىر ساۋابلىق چارىسىدۇر، ئەلۋەتتە!

(ۋەللاھۇ ئەئلەم)

(1) رد فقهي على تساؤلات مقال قضايا علمية تنتظر أحكامها الشرعية، د. يوسف قرضاوي، مجلة العربي، العدد 232، ص48.

(2) قضايا عملية تنتظر أحكامها الشرعية. يوسف القرضاوي http://www.qaradawi.net مجلة مجمع الفقه الإسلامي ص 284

(3) "ئىبنى ماجە" 4031 ـ ھەدىس. ئالبانى "ھەسەن" دەپ باھالىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسى (2)

ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى



ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن كۈچلۈك ئاساسلارغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى دەۋرىمىزدە بۇنىڭغا سەل قارىلىپ، ھەتتا دىنىي بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن بىر قىسىم ياشلار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلاردا ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق ئۇقۇمىغا قارىتا ئەتراپلىق چۈشەنچىنىڭ بولمىغانلىقىدۇر. شۇڭا ئۇلار «الصراط المستقيم» يەنى توغرا يولدىن ئىبارەت ئوتتۇراھاللىققا سەل قارايدۇ، ھەتتا ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنداقلار ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ مېڭىش دېگەننى «ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇسۇلمان بولۇش» دەپ خاتا چۈشىنىۋالىدۇ. ئۇلارنى داۋاملىق ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ تەقۋا قىلىپ كۆرسىتىپ كېلىۋاتقانلار قانداقمۇ ئۇلارنى ئوتتۇراھاللىققا مەنسۇپ قىلىشقا رازى بولسۇن! ۋاھالەنكى، ئوتتۇراھاللىق مۇسۇلمانلار داۋاملىق نامازلىرىدا ئاللاھ تائالادىن تىلەۋاتقان «**الصراط المستقيم**»نىڭ يەنى توغرا يولنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ ئىسلامنىڭ جەۋھىرى ئىدى. ئاللاھ تائالا بىزگە سۈرە پاتىھەدە «الصراط المستقيم»غا يەنى توغرا يولغا باشلىشىنى تىلىشىمىزنى تەلىم بەردى، ئاندىن ئۇ يولنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققان يەھۇدىلارنىڭ يولىمۇ ئەمەس ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ھەقتىن ئاداشقان خرىستىئانلارنىڭ يولىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزى ھىدايەت بىلەن ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، راستچىللارنىڭ، شېھىتلەرنىڭ، سالىھلەرنىڭ يولى بولغان ئوتتۇراھاللىقتىن ئىبارەت توغرا يول ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)»[1].

«قۇرئان كەرىم»دە «الصراط المستقيم» دېگەن سۆز خېلى كۆپ ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۈملىلەر بۇ سۆزلۈكتىن ئوتتۇراھاللىقتىن ئىبارەت توغرا يول مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىق»[2] دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتۇر ئەلى مۇھەممەد سەللابىي «ھەدىس شەرىف قۇرئان كەرىمنىڭ شەرھىسىدۇر» دېگەن ئېتىبار بىلەن،

1 سۈرە فاتىھە 6 ـ، 7 ـ ئايەتلەر.

2 دوكتۇر ئەلى مۇھەممەد سەللابىي «الوسطية في القران الكريم»

ئوتتۇراھاللىقنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ بىر سىزىق سىزدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ، سول تەرەپلىرىگە يەنە بىر قانچە سىزىق سىزدى، ئاندىن قولىنى ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ: «بۇ ئاللاھنىڭ يولىدۇر»، دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ[1]».[2]

ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسىدىن بىخەۋەر كىشىلەرنىڭ سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش مۇتەئەسسىپلىكىدىن ساقلىنالىشى ناتايىن. بۇنداق ئادەملەردە سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش خاھىشى ئېغىر بولىدۇ. سەل قاراش خاھىشىدىكى ئادەملەر ھىدايەت يولىغا ماڭغان تەقدىردە ھەم چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش مۇتەئەسسىپلىكىگە مۇپتىلا بولۇپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھەتتا ئاتا-بوۋىلىرىنى، يۇرت چوڭلىرىنى، ئۆلىمالارنى مەنسىتمەيدىغان، ئۇلارنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىنى ياراتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا قىمار ۋە ھاراق سورۇنلىرىدا ھوشىنى بىلمەي يۈرگەنلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالارغا تىل ئۇزىتىپ يۈرۈۋاتقانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇنداقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇ زاتنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىنى ئاز كۆرسە، يەنە بەزىلىرى تەقسىماتتىكى ئادالەتكە ئىتىراز بىلدۈرگەنىدى.

ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى مۇسۇلمانلارنى ئوڭ-سولغا تېيىپ كېتىشتىن ساقلاپ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان پرىنسىپتۇر. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنىڭ رولى قاتناش قوراللىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەيدىغان مىزاننىڭ رولىغا ئوخشايدۇ. مىزانى بۇزۇلغان قاتناش قوراللىرىدا ئولتۇرۇپ مەنزىلگە بىخەتەر يەتكىلى بولمىغاندەك، ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنەپ تۇرۇپ كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ.

ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنەش جەننەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئىسلامىي سۆيگۈنىڭ يوقىلىشىغا، بىرلىك ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىناق-ئىتتىپاقلىقنىڭ بۇزۇلۇشىغا، ھەتتا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنەش ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن پاراسەتلىك مۇئمىنگە سىر بولمىسا كېرەك.

ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىق تەسەۋۋۇر، پرىنسىپ، پوزىتسىيە قاتارلىق ساھەلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش مۇتەئەسسىپلىكىدىن يىراق ھالدا توغرىسىنى تاللاش ۋە توغرىسىغا يۈزلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## ئىسلام ئۈممىتى ھەر ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلىنغان ئۈممەتتۇر

ئىسلام ئۈممىتى ئىمان-ئېتىقاد، ئەمەل-ئىبادەت، دۇنيا-ئاخىرەت قاتارلىق ساھەلەردە سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئىللەتلىرىدىن ساقلىنىپ، ئوتتۇراھاللىققا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئوتتۇراھال، ياخشى ئۈممەت دەپ مەدھىيەلىدى. «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە

1 سۈرە ئەنئام 153-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

2 دوكتور ئەلى مۇھەممەد سەللابي «الوسطية في القران الكريم» 35-بەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

شاھت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتۇراھال (ياخشى) ئۈممەت قىلدۇق».[1]

بۇ ئايەتتىكى «ۋەسەت» دېگەن سۆزنى مۇپەسسىرلەر سۆز تومۇرى ۋە شەرئىي دەلىل-پاكىتلارنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا، ئوتتۇراھاللىقنىڭ نېگىزى بولغان ياخشى، ئوڭ-سولغا ئېغىپ كەتمەي لىللا تۇرىدىغان، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان دېگەن مەنالار بىلەن تەپسىر قىلىشقان. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇراھاللىقنىڭ سىمۋوللىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام چاقىرىلىپ، ئۈممىتىڭىزگە ھەقنى يەتكۈزدىڭىزمۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ ھەئە، يەتكۈزدۇم، دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن ئۇ سىلەرگە ھەقنى يەتكۈزدىمۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار: بىزگە ھېچبىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى دېگەندە، ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا سىزنىڭ ھەقنى يەتكۈزگەنلىكىڭىزگە كىم شاھىد بولىدۇ دېيىلىدۇ. ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى شاھىد بولىدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئۈممىتى ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقنى يەتكۈزگەنلىكىگە شاھىد بولىدۇ».[2]

دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ ماڭغان ئۈممىتى توغرا سىزىقتىن ئوڭ-سولغا تېيىپ كەتكەنلەرگە لىللا شاھىد بولىدىغان ئادىل ئۈممەتتۇر.

ئىسلام ئۈممىتى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۋېتىش بىلەن سەل قاراش ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، مەدھىيەلىشىگە سازاۋەر بولىدى. يەھۇدىيلار پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر بۆلىكىنى يالغانچى قىلىپ، يەنە بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە، لەنىتىگە يولۇقتى. «بىز بەنى ئىسرائىلدىن ھەققەتەن چىن ئەھدە ئالدۇق. ئۇلارغا (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن) پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر ئۇلار ياقتۇرمايدىغان ئەھكامنى ئېلىپ كەلسە، (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ) بىر بۆلىكىنى يالغانچى قىلدى، بىر بۆلىكىنى ئۆلتۈردى».[3]

خرىستىيانلار مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئازغۇنلاردىن بولدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ناسارالار مەريەم ئوغلىنى ئۇچۇرغاندەك، سىلەر مېنى ئۇچۇرماڭلار، مەن بولسام ئاللاھنىڭ بەندىسى، شۇڭا سىلەر مېنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار».[4]

ئىسلام ئۈممىتى دۇنيا قارىشى بىلەن ئاخىرەت قارىشى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلىندى. «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن».[5]

ئىبنى كەسىر رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ساڭا بەرگەن مال-دۇنيادىن ئىبارەت بۇ نېئمەتنى ئاخىرەتتە ساڭا ئەسقاتىدىغان ئىشلارغا، رەببىڭنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىگە سەرپ قىلىش بىلەن بىرگە، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، ئۆي سېلىش، خوتۇن ئېلىش قاتارلىق رەببىڭ ساڭا رۇخسەت قىلغان ئىشلارغىمۇ ئىشلەتكىن. چۈنكى ئۈستۈڭدە رەببىڭنىڭ، نەپسىڭنىڭ، ئەھلىڭنىڭ ھەقلىرى بار، ھەر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بەرگىن».[6]

دۇنياغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ، ھاياتقا

---

1 سۈرە بەقەرە 143-ئايەت.

2 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

3 سۈرە مائىدە 70-ئايەت.

4 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

5 سۈرە قەسەس 77-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

6 قۇرئان ئەزىم تەپسىرى 6-توم، 253-بەت.

قاتتىق ھېرىس بولۇپ كەتكەن يەھۇدىلار ئەيىبلەندى. «شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس كۆرىسەن؛ ھەر بىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».[1]

شۇنىڭدەك، ھەددىدىن ئېشىپ، ئاللاھ يولغا قويمىغان تەركىدۇنيالىقنى، دەرۋىشلىكنى پەيدا قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىغان خىرىستىيانلار ھەم ئەيىبلەندى: «تەركىدۇنيالىقنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى».[2]

ئىسلام ئۈممىتى نامازلارنىڭ قىرائەتلىرىنى ھەم بەك يۇقىرى ئاۋازدىمۇ ئەمەس ياكى بەك تۆۋەن ئاۋازدىمۇ ئەمەس، بەلكى ئوتتۇراھال ئاۋازدا ئوقۇشقا، شۇنىڭدەك نامازلارنى ھەم بەك ئۇزۇنمۇ ئەمەس ياكى بەك قىسقىمۇ ئەمەس بەلكى ئۇزۇن-قىسقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوقۇشقا بۇيرۇلدى. «نامىزىڭدا (قىرائەتنى) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن».[3]

جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن نامازلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئوقۇيتتىم، ئۇنىڭ ناماز ۋە خۇتبىلىرى ئوتتۇراھال ئىدى يەنى ئۇزۇنمۇ ئەمەس، قىسقىمۇ ئەمەس بەلكى ئۇزۇن-قىسقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى».[4]

ئىسلام ئۈممىتى ئىستىمال ئىشلىرىدىمۇ ئوتتۇراھال يول تۇتۇشقا بۇيرۇلدى: «ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا چىرايلىق كىيىملىرىڭنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ».[5]

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مال-مۈلۈكتىكى ھەق-ھوقۇقلىرى قوغدىلىپ، شەخس ۋە كوللېكتىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، زاكاتتىن ئىبارەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى نامراتلارغا خاس قىلىنغان كوللېكتىپ ھەققى تەكىتلىنىش بىلەن بىرگە، شەخسنىڭ مال-مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققى ھەم ئېتىراپ قىلىندى.

«ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) مۇھتاجلارنىڭ ھەققى بار».[6]

«ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ».[7]

بۇ، ئىنسان ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم بولغان ئىقتىسادىي مەسىلىنى تەرتىپكە سېلىشتا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئادىل پىرىنسىپ بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىگىلىكنى سۆيۈش تەبىئىتىگە ھەم ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ مېلىدىكى جەمئىيەت ھەققى بىلەن ئىنساننىڭ مال-دۇنيانى سۆيۈش تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇققا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مال-مۈلۈك گەرچە شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ ھەققى بولغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭدەك، ئىسلام ئۈممىتى يەنە مال-مۈلۈكنى خىراجەت قىلىشتا بېخىللىقمۇ قىلماي ياكى ئىسراپمۇ قىلماي، بەلكى ئوتتۇراھال يول تۇتۇشقا تەشەببۇس قىلىندى.

«قولۇڭنى (بېخىللىق قىلىپ) بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ كەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ

1 سۈرە بەقەرە 96-ئايەت.
2 سۈرە ھەدىد 27-ئايەت.
3 سۈرە ئىسرا 110-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
4 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
5 سۈرە ئەئراف 31-ئايەت.
6 سۈرە زارىيات 19-ئايەت.
7 سۈرە مائارىج 24-، 25-ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن».[1]

«ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ».[2]

ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق پىرىنسىپى ھەر تەرەپتىن دۇنيادىكى بارلىق پىرىنسىپلاردىن ئۈستۈن بولۇپ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان خەلقلەرنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش مۇتەئەسسىپلىكىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ساقلاپ، ئۇلارنى دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ سەرخىللىرىغا ئايلاندۇردى. بۇنىڭغا سەل قارىغان خەلقلەر تەدرىجى ھالدا ئەۋۋەلقى نۇپۇزلىرىنى يوقىتىپ، بۆگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى. چۈنكى ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق پىرىنسىپى ئەمەلىيەتتە پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى كائىناتنىڭ نورمال داۋاملىششى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ساماۋى پىرىنسىپتۇر.

ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىقنى تېخىمۇ ئىنچىكە، ئەتراپلىق ۋە توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سەل قاراش، «الصراط المستقيم» يەنى توغرا يول قاتارلىق مۇھىم ئۈچ ئاساسنى ئەتراپلىق چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1 ـ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش

### چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ تەبىرى:

ئەرەب تىلى تەتقىقاتى ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب تىلىدىكى «غۇلۇۋ» دېگەن سۆز چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئۆلچەمدىن ھالقىپ كەتكەن ھەر قانداق نەرسىگە قوللىنىلىدۇ». شەرىئەت ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: «چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ شەرئىي تەبىرى شۇكى، شەرىئەت ئۆلچىمىدىن ئېتىقاد ياكى ئەمەل جەھەتتە ھالقىپ كېتىش شەرىئەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك

1 سۈرە ئىسرا 29 ـ ئايەت.

2 سۈرە فۇرقان 67 ـ ئايەت.

بولىدۇ».

### چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ تۈرلىرى:

چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئەمەل يەنى سۆز ـ ھەرىكەت جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

بىرىنچى تۈرى، ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بولۇپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۇچۇرۇپ، پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن ئىلاھلىق ماقامىغا كۆتۈرۈۋېتىش، ئۇلاردىن مەدەت تىلەش، ئۇلارنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىش، ياخشى كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىگە بېرىپ، پەرزەنت ۋە باشقا ھاجەتلىرىنى تىلەش قاتارلىقلار ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزلىرىگە ياقمىغان مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن ئوچۇق دەلىل ـ ئىسپاتسىزلا كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىش ھەم ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «چوقۇمكى، بۇنىڭ نەسلىدىن قۇرئان ئوقۇيدىغان بىر قەۋم كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان قۇرئانى بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار مۇشرىكلارنى قويۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ».[3]

تارىختىن بېرى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇ «ھەدىس شەرىف»تە ئىشارەت قىلىنغان سۈپەتلەر تېپىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ شەرئىي بىلىم قۇرۇلمىسى ئاجىز بولغانلىقتىن قۇرئان ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئوقۇغىنى ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ، يەنى ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى تەپەككۇر قىلماي ۋە چۈشەنمەي ئوقۇيدۇ، شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ھەق يولنى تاپالمايدۇ، ئۇنىڭدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن بەھرى ئالالمايدۇ، مۇسۇلمانلارنى دەلىل ـ ئىسپاتسىز كاپىرلىققا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى

3 ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

هالال سانايدۇ.

ئىككىنچى تۈرى، ئەمەل يەنى سۆز ـ ھەرىكەت جەھەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بولۇپ، ئاللاھقا يېقىنلىششنى ئىزدەپ، رامىزان ئېيىدىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ كۈن ئاتلاتماي روزا تۇتۇش، كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇش، ئىبادەتنى دەپ ئۆيلىنىشتىن ۋاز كېچىش قاتارلىقلار ئەمەلدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئەمما بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلىش چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، بەلكى ئىسلام شۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەمەل يەنى سۆز ـ ھەرىكەت جەھەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئەھۋالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمما مەن ئاللاھقا سىلەردىنمۇ بەكراق تەقۋالىق قىلىمەن، لېكىن مەن كېچىسى ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن، (رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا) كۈن ئاتلىتىپ روزا تۇتىمەن ۋە ئۆيلىنىمەن. كىمكى سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ (ئۈممىتىم)دىن ئەمەس» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا رەددىيە بەرگەن.[1]

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ھەر ئىككى تۈرى خەتەرلىك بولغان بولسىمۇ، لېكىن سۆز ـ ھەرىكەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارىغاندا، ئېتىقاد جەھەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كۆپ خەتەرلىك. ئېتىقاد جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان خاۋارىجلار، شىئە ـ رافىزەلەر ۋە ئەھلى تەكپىرچىلەر (ئاساسسىزلا باشقىلارنى كاپىرغا چىقارغۇچىلار)نىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن بالا ـ مۇسىبەتلىرى بۇنىڭ ئەڭ روشەن مىسالى.

## چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار:

1 ـ ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا ئاللاھ تائالا بۇيرۇمىغان نەرسىلەرنى مەجبۇرى تېڭىشىش.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرىپ ئىككى تۈۋرۈك ئوتتۇرىسىدا سوزۇلۇپ تۇرغان ئارغامچىنى كۆرۈپ: «بۇ نېمە ئارغامچا؟» دېدى. ئۇلار: بۇ زەينەپنىڭ ئارغامچىسى، ئۇ چارچىغاندا ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى يېشىۋېتىڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار روھلۇق ھالىتىدە ناماز ئوقۇسۇن، چارچىغاندا ئۇخلىسۇن» دېدى.[2]

ئىبنى ھەجەر رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىستە ئىبادەتتە نورمال بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، چوڭقۇرلاپ كېتىشتىن چەكلەش بار.[3]

2 ـ ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغان پاك يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىبادەت يۈزىسىدىن ھارام قىلىۋېلىش.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇ زاتنىڭ ئىبادەتلىرى توغرۇلۇق سوراپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز كۆرگەندەك قىلىپ: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا بىز قانچىلىك؟ دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: مەن كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن دېسە، يەنە بىرسى: مەن يىل بويى كۈن ئاتلاتماي روزا تۇتىمەن دەيدۇ. ئۈچىنچىسى: مەن ھاياتىمدا ھەرگىز خوتۇن ئالمايمەن دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «سىلەر شۇنداق دېدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەردىنمۇ بەكرەك ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىمەن، لېكىن مەن (رامىزاننىڭ

1 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

2 ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

3 فەتھۇلبارى، تەھەججۇت كىتابى، ئىبادەتنى كۈچەيتىۋېلىشنىڭ مەكرۇھلۇقى دېگەن باب.

uyghurkitap.com

غەيرىدە) كۈن ئاتلىتىپ روزا تۇتىمەن، كېچىلىرى نامـاز ئوقـۇيمەن ھەم ئـۇخلايمەن، ئاياللارغـا ئۆيلىنىمەن، كىمكـى مېنىـڭ سـۈننىتىمدىن يـۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىـڭ ئۈممىتىمـدىن ئەمەس» دەيدۇ.[1]

3 ـ ئىلاجىســز قالغانــدا ھــارام قىلىنغــان نەرسىلەردىن جاننى ساقلاپ قالغۇدەك يېيىشنى راۋا كۆرمەسلىك.

مۇسۇلمان ھاياتىنى ساقلاپ قـېلىش ئۈچـۈن ھارام قىلىنغان نەرسىنى يېيىشكە مەجبـۇر بولـۇپ قالغاندا، ئۇنى يېيىشنى تەرك ئېـتىش چېكـىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. يېيىشى ھـارام قىلىنغـان زات بىلەن، مەجبـۇر بولـۇپ قالغانـدا يېيىشـكە رۇخسەت بەرگەن زات بىردۇر. ئۇ زاتنىڭ يېيىشنى ھــارام قىلغــانلىق ھــۆكمىنى قوبــۇل قىلىــپ، ئىلاجىسىز قالغاندا جــاننى ســاقلىغۇدەك يېــيىش رۇخســتىنى قوبــۇل قىلماســلىق تەرســالىقتۇر. «ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھــايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشــىنى، ئاللاھــدىن غەيرىينىــڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نــامى ئېيتىلىــپ بوغۇزلانغان ھايۋانىنى يېيىشنى ھــارام قىلــدى. كىمكــى ئــۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجىسىزلىقتىن (يــۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرســىلەردىن) ھايــاتىنى ســاقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇنــاھ بولمايــدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».[2]

4 ـ باشــقىلار ئۈســتىدىن ھۆكــۈم قىلىشــتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش. يەنى ياخشى كـۆرگەننى قارىغۇلارچە زىيادە ماختىۋېتىش، يامان كـۆرگەننى سۆكۈپ، ئولتۇرســا ـ قوپســا ئۇنىــڭ ئــززەت ـ ئابرۇيىغا تىل ئۇزارتىش. بــۇ ئىســلام توسـقان چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكــى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «دوستۇڭنى ياخشى كۆرۈشــتە نورمال بولغىن، ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىــپ قېلىشى مۇمكىن، دۈشمىنىڭنى يامان كۆرۈشتە ھەم نورمال بولغىن، ئۇ سېنىڭ دوســتۇڭغا ئايلىنىــپ قېلىشى مۇمكىن».[3]

## چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكنى بىلىــش ئۆلچىمى:

بــۇ يەردە چېكــىدىن ئېشــىپ كەتكەنلىكنــى بىلىش ئۈچۈن بىر ئۆلچەم بــارمۇ؟ ئــۇ قايســى ئۆلچەم دېگەن ســوئال كېلىــدۇ. بــۇ ســوئالنىڭ جاۋابى شۇكى، ئېتىقاد ياكى ئەمەلنىــڭ چېكــىدىن ئېشىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنــى ئۆلچەيــدىغان ئۆلچەم «قۇرئان كەرىــم» ۋە «ھەدىــس»تــن ئىبارەت ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدۇر.

يۇقىرىدا ئېتىقاد ياكى ئەمەل جەھەتتە شەرئىي ئۆلچەمدىن ھالقىپ كېتىشنىڭ شەرىئەتتە چېكــىدىن ئاشــۇرۇۋەتكەنلىك بولىــدىغانلىقىنى ســۆزلەپ ئۆتتۇق. بىر ئېتىقاد ياكى ئەمەلنىــڭ شــەرىئەتتە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن يــاكى كەتمىگەنلىكىنــى بىلىــش ئۈچــۈن ئــۇنى «قۇرئــان كەرىــم» ۋە «سۈننەت» تىن ئىبــارەت ئاللاھنىــڭ شــەرىئەت ئۆلچىمىگە ئۇدۇللايمىز، ھەر ساھەدە بۇ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلگىنى گەرچە ئۇنى بەزىلەر «ئاشقۇن» دەپ ئاتىۋالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوتتۇراھاللىق، ئۇنىڭــدىن ھالقىــپ كەتكىنــى چېكـــىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك، ئۇنىڭغا يەتكۈزەلمەسلىك سەل قارىغانلىق بولىدۇ. ئىســلام تەشــەببۇس قىلغـان ئوتتۇراھـــاللىق چۈشەنچىســـىنى ھەركىمنىـــڭ خالىغانچە بۇرمىلىشىغا، سۈيئىســتېمال قىلىشــىغا يول قويۇلمايدۇ.

ســۆز ـ ھەرىكەتلەرنىــڭ چېكــىدىن ئېشــىپ كەتكەنلىكــىگە يــاكى شەخســلەرنىڭ چېكــىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ئىكەنلىكىگە ھۆكــۈم قىلىــش ناھايىتى قىيىن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچــۈن ســۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىيالايدىغان، بــۇ ھەقتىكــى شــەرىئەت ئــۆلچىمىنى ياخشــى بىلىدىغان، ئەقىدە بىلىملىرىدە يېتىشكەن ئــالىملار كېــرەك. ھەركىمنىــڭ: «بــۇ ســۆز ـ ھەرىــكەت

1 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

2 سۈرە بەقەرە 173 ـ ئايەت.

3 ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

چېكىدىن ئېشىپ كەتتى» ياكى «پالانى ئادەم چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى» دەپ ھۆكۈم قىلىش ھەققى يوق. بۈگۈنكى كۈندە «قۇرئان كەرىم» ۋە «سۈننەت»لەرگە چىڭ ئېسىلغان، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە تولۇق ئەمەل قىلغان تەقۋادار ياخشى مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ «ئاشقۇنلار»، «رادىكاللار» دەپ سۈپەتلىنىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ پەقەت دىن دۈشمەنلىرىنىڭ سەپسەتىلىرى بولۇپ، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا مۇئمىن ـ مۇسۇلمان بۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى سۆز ـ ھەرىكەتلەر، شەخس ۋە جامائەتلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشتىكى ئۆلچەم ھاۋايى ـ ھەۋەس ياكى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ياكى يەرلىك قانۇن ـ تۈزۈم ئەمەس، بەلكى «قۇرئان كەرىم» ۋە «سۈننەت»لەردىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدۇر.

## چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلەشنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى دەلىللىرى:

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق (سۆز)دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى ئاللاھنى شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار). مەسىھ ئىيسا ــ مەريەمنىڭ ئوغلى پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە ئاللاھنىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، (ئاللاھ ئىيسا، مەريەمدىن ئىبارەت) ئۈچتۇر دېمەڭلار، (خۇدا ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، ئاللاھ پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن ئاللاھ پاكتۇر»[1].

1 سۈرە نىسا 171 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«(ئى پەيغەمبەر!) ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدى ۋە ناسارالار) دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چېكىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار، دېگىن»[2].

ئىمام تەبەرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھ» ياكى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېيىش ئارقىلىق دىنىڭلاردا چېكىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار. ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىدۇر. ئۇ ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، دەڭلار»[3].

ئىبنى كەسىر رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەققە ئەگىشىشتە چېكىدىن ئاشماڭلار، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغىنىڭلاردەك، سىلەر ئۇلۇغلاشقا بۇيرۇلغان پەيغەمبەرنى مۇبالىغە قىلىپ ئۇچۇرۇپ، پەيغەمبەرلىك ئورنىدىن ئىلاھىيەت ماقامىغا چىقىرىۋالماڭلار، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىر پەيغەمبەردۇر، ئاللاھنى قويۇپ ئۇنى ئىلاھ قىلىۋالماڭلار»[4].

ئىبنى تەيمىيە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارغا قارىغاندا خرىستىئانلار ئېتىقاد ۋە ئەمەللەردە ئەڭ كۆپ چېكىدىن ئاشقانلاردۇر»[5].

ئاللاھ تائالا خرىستىئانلارنىڭ دىنىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «تەركىدۇنيالىقنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل

2 سۈرە مائىدە 77 ـ ئايەت.
3 تەپسىر تەبەرى 6 ـ توم، 316 ـ بەت.
4 تەپسىر ئىبنى كەسىر 2 ـ توم، 82 ـ بەت.
5 ئىقتىزائۇسسىرتۇلمۇستەقىم 1 ـ توم، 289 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

قىلمىدى».[1]

«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ئالىملىرىنى، راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى».[2]

## چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلەشنىڭ «ھەدىس»تىكى دەلىللىرى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «دىنىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، شەكسىزكى سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى دىنىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھالاك قىلدى».[3]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولىدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.[4]

ئىمام نەۋەۋى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېتىقاد ۋە سۆز ـ ھەرىكەت جەھەتلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر، مۇبالىغىلەشتۇرۇۋەتكۈچىلەر، چوڭقۇرلاپ كەتكۈچىلەر ھالاك بولىدى».[5]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىلەرگە چىڭىتىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا چىڭىتىۋالماڭلار. چۈنكى بىر قەۋم ئۆزلىرى چىڭىتىۋالغانلىقتىن ئاللاھ ئۇلارغا چىڭىتىپ قويىدى، ئەنە ئاۋۇلار ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلاردىكى قالدۇقلىرىدۇر. «تەركىدۇنيالىقنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى».[6]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شەكسىزكى، دىن ئاساندۇر، كىمكى دىننى چىڭىتىۋالىدىكەن دىن ئۇنى يېڭىدۇ. ئوتتۇراھال بولۇڭلار، يېقىنلاشتۇرۇڭلار، بېشارەت ھاسىل قىلىڭلار، ئەتىگەن ـ ئاخشام ۋە كېچىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدە ياردەم تىلەڭلار».[7]

ئىبنى ھەجەر رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ھېچكىم دىنىي ئەمەللەردە ئاسانلىق يولىنى تاشلاپ چوڭقۇرلاپ كەتمىسۇن، ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەن، چوقۇمكى ئۇ ئاجىز كېلىپ، مەغلۇپ بولىدۇ».[8]

ئىبنى رەجەب رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مەزكۇر ھەدىستىكى «سەددىدۇ» (يېقىنلاشتۇرۇڭلار) دېگەن سۆز ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئىبادەتتە نورمال، ئوتتۇراھال بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەت بۇيرۇغاننى ئادا قىلىشقا سەل قارىماڭلار، تاقىتىڭلار يەتمەيدىغان ئىبادەتنى ئۈستۈڭلارغا يۈكلىۋالماڭلار، ئوتتۇراھال بولۇڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ».

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ساھەلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى، روھ بىلەن ماددىنىڭ، دىن بىلەن دۇنيانىڭ، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ، نەپسنىڭ نېسۋىسى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىدىن چەتنەپ كەتكەنلەرگە ۋاقتىدا رەددىيە بەردى.

— داۋامى كېيىنكى ساندا...

1 سۈرە ھەدىد 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
2 سۈرە تەۋبە 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
3 ئىمام نەسەئى رىۋايىتى.
4 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
5 مۇسلىم مەئە شەرھىننەۋەۋى 16 ـ توم، 220 ـ بەت.
6 ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
7 ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
8 ئەلبۇخارى مەئە فەتھىلبارى 1 ـ توم، 116 ـ بەت.

دوكتور مۇھەممەد سوسيالدى

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان پەزىلەتلىك ۋە يارامىلىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتۇر. جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنى پەرۋىش قىلىپ، زىيانلىق ئۆسمىلەرنى يۇتاپ تۇرمىسا ئىچىدىن بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام بىر تەرەپتىن كاپىر جەمئىيەتنى ئىسلامىي جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن دەۋەت ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلار جەمئىيتىنى ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا ئۆلىمالارنىڭ بىرىدىنبىر ۋەزىپىسى. ھەر قانداق ئىشنىڭ قائىدە يوسۇنى بولغاندەك، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭمۇ مېتودى ۋە ئۇسۇلى بار. شۇڭلاشقا جەمئىيەتتە ئالىم ـ ئۆلىما دەپ تونۇلغان، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان زاتلارنىڭ بۇ مېتود ۋە ئۇسۇللارغا رىئايە قىلىشى زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە پروفېسسور دوكتور مۇھەممەد سوسيالدى[1]نىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىكى تەبلىغ مېتودى» دېگەن ماقالىسىنى تۈركچىدىن تەرجىمە قىلىپ سۇندۇم.

پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر نەچچە ۋەزىپىسى بار، ئۇ ۋەزىپىلەردىن بىرى دىننى تەبلىغ قىلىش. تەبلىغ پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيي ئارقىلىق كەلگەن ئىلاھيي مەلۇماتلارنى ئىنسانلارغا ھېچقانداق بىر نەرسىنى يوشۇرماستىن، كەم ـ زىيادە قىلماستىن ئەينەن يەتكۈزۈشتۇر. تەبلىغ ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى. تەبلىغ بولمىسا پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىمەنە ۋە بىھۇدە ئىش بولاتتى. دېمەك، پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىگە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بارلىق ئەمىر ـ پەرمانلارنى قەۋمىگە يەتكۈزگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ. ئاللاھتىن قورقىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىشىدىن قورقمايدۇ...»[2] «سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش

1 پروفېسسور دوكتور مۇھەممەد سوسيالدى، تۈركىيە فىرات ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

2 سۈرە ئەھزاب: 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

مەسئۇلىيىتىڭ بار، ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»[1] «سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت روشەن تەبلىغ قىلىشتۇر».[2] [3]

پەيغەمبىرىمىز 23 يىللىق قىسقا مۇددەتتە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ناھايىتى چوڭ ئىسلاھاتنى روياپقا چىقىرىپ، ئاددى بىر ئىشلار سەۋەبلىك بىر-بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان، قىز باللىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان، ئىلىم-مەرىپەتتىن ھېچ خەۋىرى بولمىغان بىر قەۋمنى «سائادەت ئەسرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆلگىلىك بىر جەمئىيەتكە باشلاپ كەلدى. شۇڭا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەبلىغ قىلىش ئۇسۇلىنى، ئىسلاھ قىلىش مېتودىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىنى تەتبىقلىشىمىز زۆرۈر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىشلاردا ئۈلگە بولغاندەك، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتە، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتا بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە ۋە رەھبەردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! رەببىڭدىن ساڭا نازىل قىلىنغانلارنىڭ ھەممىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ شەكسىزكى كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».[4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بولغان تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىشلىتىپ، مەخسۇس بىر مېتود ۋە ئۇسۇل قوللاندى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ۋەز-نەسىھەت قىلغىن، ۋەز-نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق.»[5] «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىدۇ. ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن. ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن.»[6] بۇ ئايەت كەرىمدە تەبلىغ ئىشىنىڭ بىر ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى لازىملىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل نەسىھەت قىلىش، سادىر قىلغان قىلمىشلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەسلىتىش، مۇكاپات ۋە جازا توغرىسىدا تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇق ۋە توسقانلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مەۋئىزە ھەسەنە»دۇر.

ئىسلامدا تەبلىغ ۋە ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدىغان، ئىنسانلارنى ياخشىلىق ۋە پەزىلەتكە چاقىرىدىغانلار ئىسلامىي بىلىمگە ئىگە بولغان بارلىق مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇلار «پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى» بولۇش سۈپىتى بىلەن دەۋەتچى ۋە يول كۆرسەتكۈچىدۇر.

پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئالىملارنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى بولغان دەۋەت ۋە تەبلىغ ئىشلىرىدا جانابى رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىش لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە (ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە) رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»[7]

رەسۇلۇللاھ دەۋەت قىلىشتا سۆزى، ئەمەلى، ئەخلاقى ۋە مۇئامىلىسى بىلەن ئەڭ ئۈتكۈر مېتودنى ئىشقا سالغان. تەبلىغ ۋە دەۋەتتە ئىشلىتىلىدىغان مېتود ئىنتايىن بەك مۇھىم. بىز تۆۋەندە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەبلىغ ئۇسۇلى ۋە مېتودىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەبلىغ ۋە دەۋەت ئۇسۇلى:

پەيغەمبىرىمىز تەبلىغ قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم بىر نەچچە پرىنسىپقا ئەمەل قىلغان. ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن تەبلىغدە ئىشلەتكەن ئۇسلۇبى ئۇنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا سەۋەبچى بولغان. بىز

1 سۈرە ئال ئىمران: 20-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
2 سۈرە نەھل: 82-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
3 بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارغا قىزىقسىڭىز «سەھىھ مۇسلىم، تالاق بابى 29-ھەدىس»، «تىرمىزى، تەپسىر بابى 66-ھەدىس» ۋە «ئىبنى ماجە: مۇقەددىمە 27-ھەدىس» كە قاراڭ.
4 سۈرە مائىدە: 67-ئايەت.
5 سۈرە زارىيات: 55-ئايەت.
6 سۈرە نىسا: 63-ئايەت.
7 سۈرە ئەھزاب: 21-ئايەت.

بۇ يەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىننى تەبلىغ قىلىش ئۇسلۇبى ئۈستىدە توختىلىمىز.

تەبلىغدە مۇناسىپ ۋاقىت تاللاش ئىنتايىن مۇھىم. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېسىدە ساقلىۋېلىشى ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن گەپنى قىسقا ۋە كونكرېت شەكىلدە سۆزلەش، شۇنداقلا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ شۇ مەيداندىكى دىققەت-ئېتىبارى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشلارغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. دەل مۇشۇ نۇقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ قىسقا، كونكرېت ۋە ھەر بىر ھەدىستە بىر ھېكمەت بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر. جانابى رەسۇلۇللاھ ئالدىدىكىلەرنىڭ قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىغا ياكى قىزىقمايۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ بىزنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئارىلاپ ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى.»[1]

رەسۇلۇللاھنىڭ تەبلىغ ۋە ۋەز-نەسىھەت جەريانىدا مۇھىم دەپ قارىغان مەسىلىلەرنى، تېخىمۇ بەك چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۈچ قېتىم تەكرارلىشى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ سۆزلىگەندە كەلىمىلىرىنى بىر-بىرلەپ سانىغىلى بولغىدەك دانىمۇ دانە سۆزلەيتتى. ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يادلىۋالاتتى.[2]

رەسۇلۇللاھنىڭ يەنە بىر پەزىلىتى شۇ ئىدىكى، بىلمەيدىغان بىرەر مەسىلە سورالسا، ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بەرمەستىن، ۋەھيي كېلىشىنى كۈتەتتى. سوئالنىڭ جاۋابى كەلگەندە سوئال سورىغۇچىنى تېپىپ ئاللاھنىڭ جاۋابىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەتتى.

رەسۇلۇللاھ ھەممە گەپنى ھەممە يەردە ۋە ھەممە ئادەمگە دەپ يۈرمەيتتى. ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېچىدە چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاجىز كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى ئېتىبارغا ئالاتتى. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارغا چۈشىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىڭلار. گەپنى چۈشەنمەي ئاللاھنى ۋە رەسۇلۇللاھنى يالغانچى قىلىپ قويۇشنى خالامسىلەر؟»[3] باشقىلارغا تەبلىغ تەبلىغ قىلغاندا چۈشىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى سۆزلەش قانچىكى مۇھىم بولسا، چۈشىنەلەيدىغان تىل ۋە ئۇسلۇب بىلەن سۆزلەشمۇ شۇنچە مۇھىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغ مېتودىنى مۇنداق رەتكە تۇرغۇزۇشقا بولىدۇ:

## 1. ئاڭلىغۇچىنى ياخشى تونۇش

ئاۋام خەلققە نىسبەتەن دەۋەت قىلغۇچى گوياكى دوختۇرغا ئوخشايدۇ. دوختۇرنىڭ كېسەلگە دورا بېرىشتىن ئاۋۋال توغرا دىئاگنوز قويۇپ، كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىشى قانداق زۆرۈر بولسا، دەۋەتچىگە دەۋەتنى قاراتماقچى بولغان كىشىلەرنى ياخشى چۈشىنىشى ۋە شۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا دەۋەت ئېلىپ بېرىشى شۇنداق زۆرۈر ۋە مۇھىمدۇر. باشقىلارغا ھىدايەت يولىنى كۆرسەتمەن، باشقىلارنى مەنپەئەتلەندۈرىمەن دەيدىغان ھەربىر دەۋەتچىگە ئەڭ مۇھىم بولغىنى دەۋەتنى قاراتماقچى بولغان كىشىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى تېڭشاشتۇر. بۇ شەرتنى ئورۇندىماستىن ئېلىپ بېرىلغان دەۋەت ۋە ئىسلاھاتلار خۇددى كېسەلدىن ئەھۋال سورىماي تۇرۇپ دورا يازغان دوختۇرنىڭ رېتسېپىغا ئوخشايدۇ.

خاتىپلارمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە پسىخولوگىيە ئىلمىدىن خەۋەردار بولۇشى، جامائەتنى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، شۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس ھالدا دەۋەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. چۈنكى جامائەتنىڭ ئورتاق دەردىدىن بىخەۋەر بىر خاتىپنىڭ سۆزى ھەرقانچە تەسىرلىك بولغان تەقدىردىمۇ پايدىسى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن سۆزلىمەكچى بولغان كىشىنى ئوبدان كۆزىتىپ ئاندىن سۆز قىلاتتى.

مەسىلەن: بىر خىل سوئالغا بىر نەچچە خىل جاۋاب بېرەتتى. سوئالغا جاۋاب بېرىشتە، سوئال سورىغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنىڭ شەرت-

1 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

2 سەھىھ بۇخارى، مەناقىب بابىغا قاراڭ.

3 سەھىھ بۇخارى، تالاق ۋە ھۇدۇد بابى.

www.uyghurkitap.com

شارائىتنى كۆزدە تۇتۇپ جاۋاپ بېرەتتى. بىر كۈنى بىر ئادەم كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەڭ ياخشى ئەمەل قايسى؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالغا ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا ئوخشىمىغان جاۋابلارنى بەرگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوئال سورىغان كىشىنىڭ ھالىغا مۇناسىپ جاۋاپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. مەسىلەن: ئۇرۇش زامانلىرىدا بۇ سوئالنى سورىغانلارغا ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل جىھاد قىلىش دەپ جاۋاپ بەرگەن. قەھەتچىلىك ۋە ئاپەت زاماندا بۇ سوئالنى سورىغانلارغا «سەدىقە قىلىش ۋە ئاچ قالغاننى تويغۇزۇش ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل» دەپ جاۋاپ بەرگەن. سوئال سورىغۇچى كۆپ سۆزلەيدىغان كىشى بولسا، ئۇنىڭغا «تىلنى تۇتۇش ـ ئاز سۆزلەش ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئەگەر سوئال سورىغۇچى ئاسان تېرىكىدىغان، ئاچچىقى يامان كىشى بولسا، ئۇنىڭغا غەزەپلەنمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى دوختۇرغا ئوخشاش ئەڭ ئاۋۋال ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاپ بېرەتتى.

## 2. باشقىلارنىڭ سەۋىيىسىگە قارىتا گەپ قىلىش:

ئادەملەرنىڭ بىلىم، ئەقىل، ساپا ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى باراۋەر بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بىر مۇبەللىغ ياكى ئىسلاھاتچى بولۇشنى كۆزلىگۈچىلەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىلىم ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە يارىشا سۆز تاللىشى لازىم.

سەۋىيىسى يۇقىرى ئادەمگە بىلىمسىز كىشىگە سۆزلىگەندەك گەپ قىلىش، ئەقىل پاراستى تۆۋەن ئادەمگە پەيلاسوپلارغا سۆزلىگەندەك سۆزلەش، ئىمانلىق كىشىگە ئىنكارچىلارغا خىتاب قىلغاندەك خىتاب قىلىش تەبلىغ ۋە ئىسلاھاتنىڭ مەغلۇبىيىتىگە سەۋەب بولىدىغان بىر ئامىلدۇر.

تەبلىغ قانچىكى مۇھىم بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل ۋە مېتود بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى شۇنچە مۇھىمدۇر. نۇتۇقلىرىمىز ئاڭلىغۇچىنىڭ سەۋىيىسىدىن بەك تۆۋەن ياكى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، قىلغان تەبلىغلىرىمىزنىڭ كۆپ ئەھمىيىتى بولماي قېلىشى مۇمكىن. قېپقىزىل كوممۇنىست ياكى كۇپۇر ـ زالالەتكە چۆكۈپ كەتكەن بىر كىشىگە باشتا چۈشەندۈرىدىغان مەسىلە تەھەججۇد نامىزىنىڭ پەزىلىتى بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئىماننى چۈشەندۈرۈش، ھەمدە مەسىلىلەرنى ئۇنىڭ سەۋىيىسىگە ماس ھالدا ئىزاھلاش كېرەك. بولۇپمۇ بۈگۈنكى زاماندا تەبلىغدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇل ۋە مېتود ئىلمىي بولۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلىغۇچىنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ سۆزلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. كىشىلەرنىڭ ئەقىل پاراستى، ئىجتىمائىي ئورنى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ياشاۋاتقان زامان ۋە شەرت ـ شارائىتىغا ئاساسەن تەبلىغ قىلاتتى ھەمدە ساھابىلىرىنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. مانا بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرى بولغان دەۋەتچىلەرنىڭ، تەبلىغچىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مېتودلاردىن بىرى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئەقلى قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە سۆز قىلاتتى. چۈنكى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلالمايدىغان سۆزلەر خاتا چۈشىنىپ قېلىشقا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىلىمسىزلەرگە ھېكمەت سۆزلىمەڭلار.»[1] «بىر قەۋمگە ئەقلى يەتمەيدىغان بىر گەپنى قىلىشىڭ توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۈچۈن پىتنە بولىدۇ.»[2] «كىشىلەرنىڭ ئەقىل سەۋىيىسىگە قاراپ سۆزلەشكە بۇيرۇلدۇم، كىشىلەرنىڭ دەرىجىلىرىگە قارىتا مۇئامىلە قىلىڭلار.»[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانى بار ئادەم بىلەن ئىمانسىزغا قىلىدىغان تەبلىغى پەرقلىق بولاتتى. ئىمانلىق كىشىلەرگە كۆپلەپ دەلىل كەلتۈرۈپ كەتمەيتتى. بەزىدە ھۆكۈمنى

1 دارىمى، مۇقەددىمە.
2 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
3 ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

كۈچلەندۈرۈش ۋە سۆزىنىڭ تېخىمۇ تەسىرلىك بولۇشى ئۈچۈن دەلىل كەلتۈرەتتى. ئىمانسىز ئىنكارچىلارغا خىتاب قىلغاندا ئۇلار رەددىيە بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرەتتى. بۇ دەلىللەر ئاڭلىغۇچىلار چۈشىنەلمەيدىغان دەلىللەر ئەمەس، بەلكى باشقا يەرلەردە ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن، دەلىل ھېسابلىغان ۋە ئۇنى توغرا دەپ قاراشقان نەرسىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجران خرىستىئانلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، نەجرانلىقلار رەسۇلۇللاھ كەلتۈرگەن دەلىللەرنىڭ ھېچبىرىگە «ئۇنداق ئەمەس» دېيەلمىگەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ مەسىلىلەرنى ئىخچام ياكى تەپسىلىي بايان قىلىشى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە مەلۇماتىنىڭ چوڭقۇر ياكى يۈزەكىلىكىگە قارىتا بولاتتى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ زاكىتى بەرمىگەنلەر قىيامەتتە ئۇچرايدىغان مۇئامىلىلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە، بەزى ئاڭلىغۇچىلار زاكىتى بېرىلمىگەن تۆگىلەر ھەققىدە سورىغان. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن كالا ھەققىدە ئوخشاش سوئال سورالغان. رەسۇلۇللاھ «كالىمۇ تۆگىگە ئوخشاش» دېمەستىن، تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئات، ئېشەك ھەققىدە سوئال سورالغان ۋە ئۇنىمۇ ئەينى شەكىلدە تەپسىلىي بايان قىلغان.

ئۇنۇتماسلىق لازىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ھەممىسى ئوخشاش ئەقلى ئۆتكۈر، زېرەك كىشىلەر ئەمەستى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەقلى ئۆتكۈر، ھوشيار كىشىلەر بولغاندەك، چۈشىنىش قابىلىيىتى تۆۋەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى. سۈرە نەسر نازىل بولغاندا يىغلىغان، نېمىشقا يىغلايسەن؟ دەپ سورالغاندا، «كامالەت ئاخىرلىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ» دەپ، بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپىسىنىڭ تۈگىگەنلىكى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ، دېگەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ئوخشاش ئەقىل-پاراسەتتە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى زاتلار بار ئىدى. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇشۇپ قالغان رەقىبى ئۈستىدىن «بارمىقىنى چىشلىگەن ئىدىم، بارمىقىنى تارتىپ چىشىمنى سۇندۇرىۋەتتى» دەپ دەۋا قىلىپ كەلگەن كىشىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دەۋاگەرگە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا: «بارمىقىنى ئاغزىڭدا تۇتقان بولسا، سەن تۆگىدەك ئۇنى يالماپ چاينىغان بولساڭ بولامتى؟»[1] دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى بارمىقىنى ئېغىزىڭغا سېلىپ بېرىشىنى ۋە سېنىڭ ئۇنى تۆگىگە ئوخشاش يالماپ چاينىشىڭنى بۇيرۇشۇمنى تەلەپ قىلامسەن؟ ئۇنداق بولسا سەنمۇ بارمىقىڭنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا تىقىقىن، ئۇ چىشلىسۇن، ئاندىن سەن بارمىقىڭنى تارتقىن» دېدى.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن دەۋەتچىلەرگىمۇ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە شۇنىڭغا قارىتا تەبلىغ قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. مەسىلەن: ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا تەبلىغ مېتودى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: «سەن ئەھلى كىتاب بىر قەۋمنىڭ يېنىغا بارىسەن. ئۇلارنى ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغىن. ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاق ناماز پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. ئەگەر ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىپ نامراتلىرىغا بېرىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئەگەر ئۇلار بۇنىمۇ قوبۇل قىلسا ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى زاكاتقا ھېسابلاپ ئېلىشتىن ھەزەر قىل...»[3] مانا بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ تەبلىغ ئاڭلىغۇچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ گەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

— داۋامى كېيىنكى ساندا...

1 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
2 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
3 ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە VETO ھوقۇقىنىڭ قارا يۈزى

سىراجىدىن ئەزىزى

دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر ئۆز سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش، غايە ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش، باشقىلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. 1945 ـ يىلى 24 ـ ئۆكتەبىر دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىر يەرگە كېلىپ قۇرۇپ چىققان بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتىمۇ دەل شۇ مەقسەتتە قۇرۇپ چىقىلغان. زومىگەر دۆلەتلەر تارىختىن بېرى مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى سۈمۈرۈش، ئۇلارنى ئېزىش، خەلقئارا قانۇن نامى ئاستىدا ئىنسان ھەقلىرىنى خالىغانچە ئاياغ ـ ئاستى قىلىشتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت)نى كوزىر قىلىپ كەلدى. ب د ت گە 193 دۆلەت ئەزا بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسىدە دۇنياغا مۇھەببەت، ئادالەت، تىنچلىقنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت گۈزەل، يېقىملىق شوئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەتتە بولسا ھازىرغىچە ب د ت نىڭ قارارلىرى كۈچلۈك، مۇشتۇمزور دۆلەتلەرگە ئىجرا قىلىنىپ باققان ئەمەس.

ب د ت قارىمىقىدىكى خەۋپسىزلىك كېڭىشى بولسا، پەقەتلا دۇنيا تىنچلىقىنى ساقلاش، ب د ت گە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ب د ت نىڭ 7 ـ ماددىسىغا ئاساسەن قۇرۇلغان. خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھرىدە قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگىنى بولۇپ، كېڭەش ماقۇللىغان قارارلارنى ئىجرا قىلىدۇ.

خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە 15 دۆلەت ئەزا بولغان. ئامېرىكا، رۇسىيە، چىن، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەدىن ئىبارەت 5 دۆلەت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزالىرىدۇر. مەزكۇر 5 ئەزاغا VETO ھەققى (ئىتىراز بىلدۈرۈش ھوقۇقى) بېرىلگەن بولۇپ، مەزكۇر دۆلەتلەر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك بۇ ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ VETO ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ قارارلىرىغا قارشى تۇرالايدۇ. ئەسلىدە ب د ت نىڭ نىزامنامىسىدە «VETO» ھەققى دېگەن ماددا يوق، لېكىن ئىتىراز ھەققى بار بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەزكۇر «ئىتىراز ھەققى» دائىمىي ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان، دۇنيا تىنچلىقىنى ساقلاش ئەمەس، ۋەيران قىلىدىغان ھوقۇققا ئايلىنىپ قالدى. ئەسلىدە «VETO»

سۆزى لاتىنچە ئىتىراز بىلدۈرۈش مەنىسىدە بولۇپ، خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى دائىمىي ئەزا دۆلەتلەر ئۆزى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قانۇنلۇق ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئاياغ-ئاستى قىلىپ كەلمەكتە. **VETO** ھەققىنى ئىگىلىۋالغان مەزكۇر 5 دۆلەت ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، دۆلەتلەرنىڭ خوجىلىقىغا ھۆرمەت قىلىش، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، بايلىقلىرىنى سۈمۈرمەسلىكتەك ھوقۇقلارنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن **VETO** ھەققىنى قولىغا كەلتۈرۈۋالغان. ب د ت قۇرۇلغاندىن بىرى مەزكۇر بەش دۆلەت 257 قېتىم **VETO** ھەققىنى قوللانغان بولۇپ، روسىيە 123، ئامېرىكا 76، ئەنگلىيە 32، فرانسىيە 18، چىن 8 قېتىم قوللانغان.

مەزكۇر دۆلەتلەر تارىختىن بىرى ئىشلەتكەن **VETO** ھوقۇقلىرى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە تۈگمەس-پۈتمەس ئەلەملەر، ساقايماس قانلىق يارىلارنى قالدۇردى. 1948-يىلى ئىسرائىلىيە مۇستەملىكچى ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن بېرى ئامېرىكا پەلەستىنگە قارشى خەۋپسىزلىك كېڭەشتە 36 قېتىم **VETO** ھەققىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق پەلەستىن خەلقىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا كۆز يۇمۇپ، پەلەستىن خەلقىنىڭ 65 يىللىق ئاسارەتتە ياشاش، مۇھاجىرەتتە ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش پاجىئەسىگە سەۋەپ بولۇپ كەلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى سادىر بولۇۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرگە چاپان ياپقان روس، چىن قوش **VETO** سى بولۇپ، 2011-يىلى 4-ئۆكتەبىر سۇرىيە رېجىمىنى قوللاپ ئىشلىتىلگەن **VETO** 3يىل ئىچىدە ئۇدا تۆت قېتىم بەششار ئەسەد رېجىمىنى قوللاش ۋە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن. مەزكۇر 4 قېتىملىق قوش **VETO** سۇرىيە خەلقىدىن 300 مىڭدىن كۆپ ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، 9 مىليون ئادەمنىڭ ئۆز يۇرتى ۋە ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇشىغا سەۋەپ بولىدى. رۇسلار ۋە چىنلار سۇرىيەدە بەششار ئەسەد رېجىمىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى دەلىل-پاكىتلىق بىلىپ تۇرۇپ **VETO** ھەققىنى قوللىنىشى **VETO** دۆلەتلىرى ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى ۋەيران قىلىشتىنمۇ تەپ تارتمايدىغانلىقىنى، بىگۇناھ خەلقلەرنىڭ ھاياتى، بەختەرلىكىنى قىلچە ئويلاشماي قويمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بەردى.

سۇرىيە كىرىزىسىغا قارىتا **VETO** ھەققىنى ئىشلەتكەن دۆلەتلەر بەششار رېجىمىنىڭ بارلىق قانۇن-تۈزۈملەرنى، ئىنسان ھەقلىرى، بەلكى ئىنسانىيەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ پۇقرالىرىنى قەستەن ئۆلتۈرۈش، تۈرمىلەردە قىيناپ ئۆلتۈرۈش، مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈشتەك ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. بەششار ئەسەد رېجىمىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن روس، ئىران، چىن سىياسىيۇنلىرى پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سالدى.

**VETO** ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئۆز ئىمتىيازلىرى ئارقىلىق جازا، ئېمبارگولاردىن قۇتۇلۇپ كەلگەچكە دۇنيا تىنچلىقىدا ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىق يۈز بەردى ھەم بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ روسلار **VETO** ھوقۇقى ئارقىلىق ئافغانىستان، چېچىنىستان، جورجىيە ۋە ئوستىيەلەردە سادىر قىلغان ئۇرۇش جىنايەتلىرىنىڭ جازالىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا بولسا روس **VETO** سى بوسنىيە-ھەرسەكتە 200 مىڭ مۇسۇلماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، بىر مىليوندىن كۆپرەك ئادەمنىڭ يۇرتلىرىدىن پالىنىشىغا سەۋەپ بولغانىدى.

يېقىندىن بېرى **VETO** ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتلەرگە قارىتا دۇنيانىڭ بېسىمى كۈچەيمەكتە، شۇنداقتىمۇ مەزكۇر دۆلەتلەر پۈتۈن دۇنيا سىستېمىسىنى ۋەيران قىلسىمۇ **VETO** ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىدىغاندەك ئەمەس. بولۇپمۇ تۈركىيە رەئىسى رەجەپ تەييىپ ئەردوغاننىڭ داۋاملىق «دۇنيا بەشتىن بۈيۈكتۇر» دەپ تەكىتلىشى ب د ت دىكى ئادالەتسىز تۈزۈمگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى تويلاۋاتقانلىقىنىڭ مىسالى. دۇنيا خەلقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەقدىرنى مەزكۇر بەش دۆلەتنىڭ ئىنساۋغا تاپشۇرۇش دۇنيادا تېنچلىق، ئادالەت ۋە ئىنسانىي پاراۋانلىقلارنى بەرپا قىلىشنىڭ پەقەت بىر خام خىيالدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ئەمەلىيەتتە ب د ت قۇرۇلغاندىن بىرى خەۋپسىزلىك كېڭەشنىڭ قۇرۇلمىسى، تۈزۈملىرىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياكى ئۆزگەرتىش تەشەببۇسى بولۇپ باققىنى يوق. بۇ ئىشلارنىڭ شۇنداق داۋاملىشىشى **VETO** ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزغا ياكى چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن ئۆزىنىڭ غەيرى ئىنسانىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا زېمىن ھازىرلىغان. مەزكۇر بەش دۆلەت پىرىنسىپ ـ تۈزۈملىرىنى ئۆزىنىڭ ئامانلىقىنى، مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش ئاساسىغا ئورناتقان ۋە ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، تەپەككۇرى، مەدەنىيىتى ئۇرۇش قوزغاش، ئاجىزلارنىڭ بايلىقلىرىنى سۈمۈرۈشنىلا نىشان قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولغانىكەن دۇنيا تېنچلىقى، ھەققانىيەت، ئادالەتتىن سۆز ئېچىش بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**VETO** ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئىمتىيازىغا تايىنىپ ئىشلەتكەن **VETO** ھوقۇقلىرى ھەممىدە سەۋەبلىرىگە قارايدىغان بولساق ھېچقاچان ھەققانىيەت، ئادالەت، ئىنسان ھەقلىرى ئۈچۈن ياكى مەلۇم بىر دۆلەت، بىر مىللەتنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلەتمەستىن، بەلكى مەنپەئەت، سىياسىي غەرەز، ئىستىپاقداشلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا قوللانغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇ سەۋەپتىن دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر مەزكۇر 5 دۆلەتنىڭ بىرىگە بېقىندى بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. نەتىجىدە قۇتۇپلىشىش يۈز بېرىپ ھەققانىيەت، ئادالەت، ئىنسان ھەقلىرىنى قوللايدىغان دۆلەتلەر مەۋجۇت بولمىغان. ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۇياقتا تۇرسۇن، خەلقئارا سەھنىلەردە ئەجابىي پىكىر بىرىشتىنمۇ ئاجىز كېلىدىغان پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان.

خەۋپسىزلىك كېڭەشنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغا ئوبدان نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق، بۇ كېڭەشنىڭ كەلگۈسىدىمۇ دۇنيادا ھەقىقىي بىر تېنچلىق، ئادالەت بەرپا قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنۋالالايمىز.

ئۇنداقتا ب د ت ھەممىدە خەۋپسىزلىك كېڭەشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالدى؟ كېڭەشتىكى 5 دۆلەت قانداقسىگە **VETO** ھوقۇقىنىڭ قانۇنلۇق سالاھىيەتچىلىرى بولالايدۇ؟!

دۇنيانىڭ تېنچلىقى، ھەقىقىي ئادالەت، ئىنسان ھەقلىرى ھوقۇقى، نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار چۈشەۋاتقان دېموكراتىيەنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ب د ت قارمىقىدىكى بارلىق ئورگانلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى، نىزامنامىلىرى ئىسلاھ قىلىنمىسا بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالدى.

دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان بىمەنە ئۇرۇشلار، ئاچارچىلىق، قىرغۇچ قوراللىرىنىڭ مۇدھىش دەرىجىدە تارقىلىپ كېتىشى، ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان يۈزمىڭلارچە بىگۇناھ ئادەملەر، ئىرقىي كەمسىتىش، ئىدىئولوگىيە ۋە مەزھەب توقۇنۇشلىرى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە يۇقۇملۇق ۋابادەكلا تارقىلىپ كېتىشى دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ب د ت نىڭ قۇرۇلمىسى، خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى دائىمىي ئەزا 5دۆلەتنىڭ **VETO** ھوقۇقى ئۈستىدە قايتا باش قاتۇرمىسا بولمايدىغان رېئاللىققا زورلىماقتا.[1]

---

1 پايدىلانغان ماتىرىياللار:

ئادىل لەتىفى: دۇنيا خەلقى خەۋپسىزلىك كېڭەشىگە مۇھتاجمۇ؟ (ئەلجەزىرە تورى)

جارىس ئىنفانىر: خەۋپىزلىك كېڭەشىدە **VETO** ھەققىنى چەكلەش (ئەلجەزىرە تورى)

ئۇمەركوش: روس، چىن قوش **VETO** لىرىنىڭ بەلگىلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى (ئەلجەزىرە تورى)

ئەركىن ئېنسىكلوپېدىيە: خەۋپسىزلىك كېڭەشىدە **VETO** ھەققى (ۋىكىپېدىيە)

جارىس ئىنفانىر: خەۋپسىزلىك كېڭەشنىڭ سەممىيىتىنى سىناش (ئەلجەزىرە تورى)



# مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئابدۇلئەھەد ئۈچقۇن

مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە پىكىر-ئەپكارى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇش ئارقىلىق بۇ ھەقتە ئانالىز يۈرگۈزۈش ئۈچۈن سۆزنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

«خەلقئارا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى» نىڭ2013-يىللىق دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى ئومۇمىي مۇسۇلمانلار سانى بىر مىليارد ئالتە يۈز سەكسەن مىليونغا يەتكەن بولۇپ، دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 23.75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دۇنيادىكى ئومۇم مۇسۇلمان نوپۇسىنىڭ 69 پىرسەنتى ئاسىيا قىتئەسىدە، 27 پىرسەنت ئافرىقا قىتئەسىدە، 03 پىرسەنتى ياۋروپا قىتئەسىدە، قالغان 01 پىرسەنتى ئامېرىكا، كانادا ۋە ئوكيانۇس قىتئەلىرىدە ياشايدۇ. كۆپىنچە ئاھالىسى مۇسۇلمانلاردىن تەركىب تاپقان ئىسلام ئەللىرىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار سانى: بىر مىليارد ئۈچ يۈز مىليون بولۇپ ئومۇمىي مۇسۇلمان نوپۇسىنىڭ 67 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى ئازسانلىق مۇسۇلمانلار سانى 500 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمىي مۇسۇلمان نوپۇسىنىڭ 33 پىرسەنتىكە توغرا كېلىدۇ. ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار ئومۇمەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرىغا ۋە يەكلەشلىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

1923-يىلى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىيلار ئۈچۈنلا چوڭ بىر غەلىبە ھېسابلىنىپ قالماستىن، كوممۇنىستلار ۋە باشقا بارلىق ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۈچۈنمۇ چوڭ بىر غەلىبە بولغان ئىدى. چۈنكى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ئۆز زامانىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچكە ۋە ئەڭ زامانىۋى قورال ياراقلارغا ئىگە قارشى تەرەپكە قانچىلىك بەرسە ئۇنىڭ بەدىلىنى تولۇق ئېلىشنى بىلىدىغان كۈچلۈك بىر دۆلەت بولغىنى ئۈچۈن، باشقا مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەر ئۇلاردىن ئەيمىنەتتى. ئىسلام دۇنياسىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تۈزگەن تۈرلۈك دۈشمەنلىك پىلانلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەمما ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى چوڭ كۈچلەر ئالدىدا ئىگە چاقىسىز قالغان يېتىملەرگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۆتكەن بىر ئەسىرنىڭ مابەينىدە مۇسۇلمانلار تۈرلۈك بېسىملارغا ئۇچراپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، 2001-يىلى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا 11-سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان بېسىملار چېكىدىن ئاشتى. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا تېررورىيست نەزىرى بىلەن قارايدىغان بىر ئەھۋال پەيدا بولدى. 1991-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن بۇرۇن، پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇنيادا كوممۇنىزمنىڭ خەتىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ھەرىكىتى دەيدىغان مەخپىي ھالدىكى بىر ھەرىكەت بار بولۇپ، مانا ھازىر مەزكۇر ھەرىكەتلەر ھەر خىل ئىسىملار بىلەن ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى داۋام قىلماقتا.

ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى:

1 ـ ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار سانى160مىليوندىن ئاشىدىغان بولۇپ، ھىندونېزىيەدىن قالسا دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان ياشايدىغان دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ھىندىستاندىكى 94 پىرسەنت مۇسۇلمان نامراتلىق سىزىقىنىڭ ئاستىدا ياشاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر تەرەپتىن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە بىر تەرەپتىن بۇددا دىنى ۋە ھىندۇ دىنىغا ئوخشاش باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

2 ـ چىن تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار سانى چىن ئومۇم نوپۇسىنىڭ 8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئومۇمى مۇسۇلمان سانى يۈز مىليوندىن ئاشىدۇ. چىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلامنىڭ بەزى بىر پەرز ئىبادەتلىرىنى ۋە ئىسلامى تەلىم ـ تەربىيە خىزمەتلىرىنى چەكلىشى ئۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نالە ـ پەريادلىرىنى تىخمۇ ئاشۇرماقتا.

3 ـ سىرىلانكىدىكى ئۈچ يېرىم مىليون، پىلىفىندىكى 20مىليون ۋە تايلانتىكى 12 مىليون ئازسانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپتىن ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئېغىر بېسىملىرىغا ئۇچرىسا يەنە بىر تەرەپتىن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

4 ـ ئاسىيا قىتئەسىدە ئەڭ ئېغىر بېسىمغا ئۇچراۋاتقان ئازسانلىق مۇسۇلمانلار دىن بىرى مىيانمار (بىرما) دىكى ئاراكان مۇسۇلمانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئومۇم مىيانمار نوپۇسىنىڭ پەقەتلا 4پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن بىرما ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە يەنە بىر تەرەپتىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئېغىر بېسىملىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

5 ـ رۇسىيە ئىچىدە 6 مىليون مۇسۇلمان ياشايدىغان بولۇپ، 17مىليون كۋادرات يەر كۆلىمىگە ئىگە ئۆز ئىچىگە ئالغان رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئومۇمىي مۇسۇلمان سانى 22 مىليوندىن ئاشىدۇ.

6 ـ ئاسىيا قىتئەسىدىن كېيىن ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان ياشايدىغان قىتئە ئافرىقا قىتئەسى بولۇپ، ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئومۇم مۇسۇلمانلار سانى 450 مىليون ۋە 31 دۆلەتتىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار سانى30 مىليون ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئافرىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقلىرى يوقسۇللۇق، پېقىرچىلىق، ئېرقچىلىق ۋە باشقا سىياسى ئويۇنلار سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن ئىچكى ئۇرۇشلار، سىياسى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئېغىر بېسىملار، ئاچارچىلىق بالاسى، ئەيدىز، مالارىيا قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، يېڭى مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقي تەلىماتلىرىدىن خەۋەرسىز ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ ئازلىقى، خرىستىيان دەۋەتچىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئارىدىكى رىقابەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

7 ـ ياۋروپا قىتئەسىگە كەلسەك: ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا 27 دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 17 مىليون بولۇپ، ئۇنىڭغا شەرقىي ياۋروپادىكى (بوسنىيە ـ ھېرسوگېنىيا، ماكدونىيا ۋە ئالبانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى) ئازسانلىق مۇسۇلمانلارنى قوشىدىغان بولساق، ياۋروپا قىتئەسىكى مۇسۇلمانلار سانى 50 مىليوندىن ئاشىدۇ. شەرقى ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ساندىن كۆپ ۋە ھەتتا ئومۇمي نوپۇسنىڭ 90پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان ھالەتتە بولسىمۇ، ھاكىمىيەت مۇسۇلمانلار قولىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار يەنىلا ئازسانلىق ھېسابلىنىدۇ.

پۈتۈن ياۋروپا ئەللىرى، ياۋروپادا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى ئىسلام تەلىماتىدىن ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ھەققىدىكى مەخپىي پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان بولغاچقا، غەرب ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قىيىنچىلىقلىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە.

ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ

قىينچىلىقلىرىدىن بىرى يېڭى ئەۋلادلىرىنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەت مەدەنىيىتىدىن ئۈزاق تۇتۇش بىلەن بىرگە مەزكۇر جەمئىيەت كىشىلىرى بىلەنمۇ كېلىشىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتلەرگە سىڭىپ كېتىش، ياكى ئۇ جەمئىيەتلەردىن ئايرىلغان ھالدا يالغۇز ياشاش مەسىلىسى پۈتۈن دۇنيادىكى ئازسانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك قىينچىلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئازسانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەقلەردىن مەھرۇم قالغانلىقتىن شىكايەت قىلسا، يەنە بەزىلىرى يوقسۇللۇق بىلىمسىزلىك قاتارلىق قىينچىلىقلاردىن شىكايەت قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئازسانلىق مۇسۇلمانلارنى: مەنىۋىي جەھەتتىن بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلار، ماددىي قىينچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقانلار ۋە ئەڭ ئېغىر سىياسىي بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلار دەپ 3 كاتېگورىيىگە بۆلۈپ تۇرۇپ ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى:

1916-يىلى 16-ماي كۈنى، ئەنگىلىيە ۋەكىلى سېرمارك سايكىس ۋە فىرانسىيە ۋەكىلى مسيۇ جورج بېكو ئارىسىدا مەخپى ھالدا ئىمزالانغان سايكىس -بېكو ناملىق كېلىشىم ئىمزالىنىپ، كېلىشىمدە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئۆز ئارا بۆلۈشۈپ ئىستىلا قىلىشقا پۈتۈشكەن. كېلىشىم شۇ زاماندىكى چار رۇسىيىگە سۇنۇلغىنىدا، رۇسىيىنىڭ غەربى تۈركىستان ۋە ئەتراپىتىكى دۆلەتلەرنى ئىستىلا قىلىشى بەدىلىگە ئۇ مەخپى كېلىشىم قوبۇل قىلىنغان ئىدى. ئەنگىلىيىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى ۋە ئەرەبلەرگە ھەرخىل يالغان ۋەدىلەرنى بېرىشى نەتىجىسىدە ئەرەب دۆلەتلىرى ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. 1920-يىل سېپەر دېگەن يەردە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلار يىغىنى چاقىرىلىپ، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىگە تەۋە دۆلەتلەرنى تۈرك بولمىغان ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈپ بېرىش قارارى ئىمزالاندى. 1923-يىلى شۋېتسارىيەنىڭ لوزان شەھرىدىكى تىراكىيا ۋە ئانادولۇ كېلىشىمى يىغىنى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

1918-يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ 1939-يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىدىن باشقا رۇسىيە ئىمپېراتورلۇقى، ۋېنگرىيە ۋە ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورلۇقلىرى يوق بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۈركىيەدە كامالىستلار، روسىيەدە قىزىل كوممۇنىستلار، گېرمانىيەدە گىتلېر باشچىلىقىدىكى پاشىستلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى. پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا غەرب ئەللىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىدە كوممۇنىزم ۋە دىنسىزلىق ئېقىملىرى ئىنتايىن كەسكىن ھۆكۈم سۈردى. 1939-يىلى باشلىنىپ 1945-يىلى ئاخىرلاشقان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ئىككى تەرەپتىن تەخمىنەن 100 مىليون ئەسكەر قاتناشقان بولۇپ، ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالاردىن بولۇپ ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەر سانى 80 مىليوندىن ئاشتى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ قىرغىنچىلىق ھېسابلىنىدىغان بۇ ئۇرۇش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېرلىننى ئىشغال قىلىشى، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەگە ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئاتوم بومبىسى تاشلىشى نەتىجىسىدە ئاخىرلاشتى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادىكى ئىككى چوڭ كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكا تەرەپدارلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە ئالدىرىسا، يەنە بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىشقا ئالدىرىدى.

2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇستەقىل بولغان ئىسلام دۆلەتلىرى:

1. ئەنگىلىيىنىڭ سۇدان ئىستىلاسى 1898-يىلىدىن 1955-يىلىغىچە داۋام قىلدى.

2. ئەنگىلىيىنىڭ مىسىر ئىستىلاسى 1882-يىلىدىن 1922-يىلىغىچە داۋام قىلغان بولۇپ، 1922-يىلىدىن ئېتىبارەن باشلىغان خىدىۋېلەر ھاكىمىيىتى 1977-يىلىغىچە داۋام قىلدى.

3. سومالىيەدىكى ئەنگىلىيە، فىرانسىيە ۋە ئىتالىيە ئىستېلاسى 1960-يىلىغىچە داۋام قىلدى.

4. ئەنگىلىيىنىڭ 1839-يىلى باشلىغان يەمەن ئىستىلاسى 1967-يىلىغىچە داۋام قىلدى.

5. ئەنگىلىيىنىڭ ئىراق ئىستېلاسى 1919-يىلىدىن 1932-يىلىغىچە داۋام قىلغان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ھاشىملەر ھاكىمىيىتى 1932-يىلدىن 1958-يىلغىچە داۋام قىلدى.

6. ئەنگىلىيىنىڭ ئامان ئىستىلاسى 1798-يىلدىن 1951-يىلغىچە داۋام قىلدى.

7. ئەنگىلىيىنىڭ ئىئوردانىيە ئىستىلاسى 1921-يىلدىن 1946-يىلغىچە داۋام قىلدى.

8. ئەنگىلىيىنىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئىستىلاسى 1819-يىلدىن1971-يىلغىچە داۋام قىلدى. ئەنگىلىيىنىڭ قاتار ئىستىلاسىمۇ 1971-يىلغىچە داۋام قىلدى.

9. ئەنگىلىيىنىڭ كۇۋەيت ئىستىلاسى 1961-يىلغىچە داۋام قىلدى.

10. فىرانسىيە ئالجىرىيە ئىستىلاسى 1830-يىلدىن 1960-يىلغىچە داۋام قىلدى.

11. فىرانسىيە مورىتىيۇس ئىستىلاسى1903-يىلدىن1960-يىلغىچە داۋام قىلدى.

12. فىرانسىيەنىڭ سۇرىيە ئىستىلاسى 1920-يىلدىن 1946-يىلغىچە داۋام قىلدى.

13. فىرانسىيەنىڭ تۇنىس ئىستىلاسى 1881-يىلدىن 1956-يىلغىچە داۋام قىلدى.

14. فىرانسىيەنىڭ ماراكەش ئىستىلاسى 1830-يىلدىن 1956-يىلغىچە داۋام قىلدى.


15. ئىتالىيىنىڭ لىۋىيە ئىستىلاسى 1911-يىلدىن 1947-يىلغىچە داۋام قىلدى.

ئىسلام دۇنيا بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلغان بەزى مەسئۇللار، 1926-يىلنىڭ بېشىدا قاھىرەدە، 1926-يىلنىڭ ئاخىرىدا مەككىدە، 1931-يىلى قۇدۇس شەھرىدە ۋە 1935-يىلى شۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھرىدە ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە نۆۋەت قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئىسلام دۇنيا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، مەزكۇر قۇرۇلتايلار نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. 1969-يىلغا كەلگەندە ئىسلام دۆلەتلىرى مەسئۇللىرى ماراكەش پايتەختى رىباتتا چاقىرىلغان ئىسلام قۇرۇلتىيى جەريانىدا «ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ناملىق خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قاتارلىق 3 قىتئەدىن مەزكۇر خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتىغا ئەزا ئىسلام دۆلەتلىرى سانى57 گە يەتتى.

ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 1973-يىلدىكى جىددە قۇرۇلتىيى جەريانىدا «دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى»نى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، مەزكۇر بانكىنىڭ سەرمايىسى25 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. بانكا ئىسلام دۆلەتلىرى تەرەققىياتى ۋە ئارىدىكى سودا تىجارەتنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق غايىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا باشلانغان سوغۇق ئۇرۇشلار تۈگىگەندىن كېيىن دۇنيانىڭ ئىستىلا شەكلى ئۆزگەردى. قورال ئىلىق بېسىمنىڭ ئورنىنى ئىقتىسادىي بېسىملار، قەرزلەر ۋە خەلقئارالىق كېلىشىملەر ئالغان بولۇپ، كېلىشىم جەريانىدا ھەر ۋاقىت ئېغىرلىق كۈچلۈك تەرەپكە مەنسۇپ بولىدى. كۈچلۈك تەرەپ ئاجىز تەرەپنى كېلىشىملەر ئارقىلىق ئېزىدىغان بىر ئەھۋال پەيدا بولغاندىن بۇيان 4 مىليون نوپۇسقا ئىگە ئىسرائىلىيە ئامېرىكىدىكى لوببىچىلىقى ۋە باشقا ئىمكانىيەتلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانى ئۆزى سىزغان سىزىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە. پۈتۈن غەرب ئەللىرىمۇ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى باشقىلارغا بېسىم قىلىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزلىرى دېگەن يەرگە ئەكىلىشكە تىرىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئىسلام دۇنياسىغا قارايدىغان بولساق، ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك شۇنچە كۆپ ئىمكانىيەتلىرى تۇرۇپمۇ، ئۇلار باشقىلارغا بېسىم ئىشلىتىشكە قادىر ئەمەس. ئۇلار مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنۇشقا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمايۋاتماقتا. ئىسلام دۇنيا ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتلىرىمۇ ۋاقتى كەلگەندە ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان قۇرۇق جازىلارغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

— داۋامى كېيىنكى ساندا...



# دەۋەتچىلىرىمىزدە ئۈچ غەلەت (2)

ئابدۇللا مۇھەممەدئىمىن

بىز تېمىمىزنىڭ باش قىسمىدا دەۋەتچىلىرىمىزدە تۈزىتىشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان تەرەپلەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىدىغانلىقىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى تۈر بولغان «ئىنكارچىلىق» توغرىسىدا خىلى تەپسىلىي توختالغان ئىدۇق. نۆۋەتتە توختالماقچى بولغىنىمىز ئىككىنچى تۈرلۈك غەلەت — پىكرىي ئۈزۈكچىلىكتۇر.

## تەپەككۇر ھەققىدە

پىكىر سەزگۈ، ئىدراك، ئاڭ، تەسەۋۋۇر قاتارلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، شۇنداقلا مۇئەييەن دەرىجىدىكى كۈچلۈك دىققەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. سەزگۈ ۋە ئىدراك تەپەككۇرنى ئىچكى ۋە تاشقى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەسەۋۋۇر ئىدراك ۋە سەزگۈ تەپەككۇرغا يوللىغان ئۇچۇرلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، مەنىۋىي ئۇقۇملارنى ماددىي شەكىلدە كۆز ئالدىغا ھازىرلاپ ئوبيېكتىپ شەيئىگە بولغان چۈشەنچىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئىنسان ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى، قىممىتى ھەم قانۇنىيەتلىرىنى پىكىر قىلىش ئارقىلىق بىلىدۇ ۋە چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىمىز پىكىر ـ تەپەككۇرغا يۇكسەك ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۈيۈك دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم»دە پىكىر ۋە تەپەككۇر كەلىمىسى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان ھەمدە پىكىر ـ تەپەككۇرغا ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

«قۇرئان كەرىم» تەپەككۇر قىلىشنى ھەقنى تونۇشنىڭ بىر ۋاستىسى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. تەپەككۇر قىلماسلىقنى بولسا دىلغا پېچەت ئۇرۇۋېتىلگەنلىك، قارا كۆڭۈللۈك دەپ قارايدۇ. «ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئان ھەققىدە تەپەككۇر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ).»[1]

تەپەككۇر شەخس ۋە كوللېكتىپ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. گويا ھەرقانداق گۈلخانىمۇ كىچىككىنە بىر ئۇچقۇندىن پەيدا بولغىنىدەك ئوخشاش ھەرقانداق بۈيۈك نەتىجىلەرگىمۇ دەسلەپتە شەكىللەنگەن پىكىر ـ تەپەككۇر تۇترۇق بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىكىر قىلىدىغان ئادەم ھامان مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

تەپەككۇر كىشىلەرنىڭ ئەقلىي خۇلاسە ياكى ھۆكۈم ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ

1 سۈرە مۇھەممەد 24 ـ ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماھىيىتىگە بولغان تونۇشنى ۋاستىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ بىلىش پائالىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى. تەپەككۇر پائالىيىتى سەزگۈ ۋە تۇيغۇ ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان ماتېرىياللارنى مېڭىدە تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە يىغىنچاقلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەپەككۇر سۆز ۋە يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئاۋام خەلقكە پېشۋا سانىلىدىغان دەۋەتچىلىرىمىز ئۆزىدە چوقۇم نورمال تەپەككۇر ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈشى ئىنتايىن مۇھىم. نورمال تەپەككۇر دېگىنىمىز كونكرېتلىقتا، قاراتمىلىقتا، چىنلىقتا، ئەمەلىيەتچانلىقتا ۋە لوگىكىلىقتا ئىگە بولغان تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بەش خىل ئالاھىدىلىكتىن مەھرۇم تەپەككۇر چولتا تەپەككۇر ھېسابلىنىدۇ. چولتا تەپەككۇر ئارقىلىق مەيلى يېزىق ياكى نۇتۇق ئارقىلىق باشقىلارنى قايىل قىلغىلى، ئەڭ مۇھىمى ئاۋام-خەلقنى دادىل ھالدا يېتەكلەپ ماڭغىلى بولمايدۇ. مەن دىنىي دەۋەت ۋە مائارىپ سېپىمىزدىكى نۇرغۇن قېرىنداشلارنىڭ «ئىچىمدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايمەن، ئەمما قولۇمغا قەلەم ئالسام ياكى سۆزلەي دېسەم قانداق ئىپادىلەشنى بىلەلمەي قالىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن. مەن ئويلايمەنكى، بۇ قېرىنداشلىرىمىزدا پىكرىي ئىزچىللىق ۋە شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئىجادىي كۆزىتىش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن. قانچە يىللاپ ئوقۇغان قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى رىئاللىققا تەتبىقلاپ باقمىغان ياكى مۇئەييەن بىر مەسىلىنى تۇتقا قىلىپ ئىزچىل ئىزدەنمىگەن. ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، بىر قارىسا ھەممە نەرسىنى بىلىدىغاندەك، بىر قارىسا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قېلىپ، نەتىجىدە ئۆزىگە ئۆزى قايىل بولمايدىغان، ئۆزىنىڭ پىكىر-قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالمايدىغان، ھەتتا ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالغان. بۇ خىل ھالەتلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك چولتا تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىلمەي قىلغان ئىبادەتتە، چۈشەنمەي ئوقۇغان ئىلىمدە، قۇرئاننى تەپەككۇر قىلماي ئوقۇشتا ياخشىلىق يوق.»[1] گەرچە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە پەزلى-مەرھەمىتىگە ۋەسىلە بولىدىغان بىر ئىبادەت بولسىمۇ، ئەمما ئالىدىغان ئەجىر ۋە مەنپەئەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىخلاسى ۋە تەپەككۇرىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىنى ياكى بىرەر تەپسىرنى ئوقۇۋاتقاندا مۇمكىنقەدەر ھەر ئايەتتە بىر توختاپ، شۇ ئايەت ھەققىدە مەخسۇس تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرلىرىنى يەنە باشقا ئايەتلەرگە، ھەدىسلەرگە ۋە باشقا مۇپەسسىر، مۇتەپەككۇرلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە تەڭلەپ بېقىش بىزنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئۆزىمىزگە خاس نېسىۋە ئېلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئەسەردىكى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «قۇرئاننى تەپەككۇر قىلماي ئوقۇشتا ياخشىلىق يوق» دېگىنى دەل مۇشۇ نۇقتىغا ئىشارەت قىلسا كېرەك.

ئەقلىنى بىر پىچاققا ئوخشاتساق پىكىر ئۇنى ئىتتىكلىتىدىغان بىلەي تاشقا ئوخشايدۇ. بىر قەدەر يۇقىرى ئەقلىي قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن توختىماستىن تەپەككۇر قىلىشقا، توختىماستىن كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىم توپلاشقا توغرا كېلىدۇ. بىلىم، تەپەككۇر ۋە بۇ ئىككىسىنى ئىزچىل ئەمەلىي رىئاللىققا تەتبىقلاش ئادىتى ئەقلىي قۇۋۋەت يېتىلدۈرۈش ۋە ئەقلىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ئىزچىل تەپەككۇر قىلىش ئەقلىي قابىلىيىتى يۇقىرى ئادەملەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ، ئەمما تەپەككۇر قىلغانلا ئادەمنى ئەقلىي قابىلىيىتى يۇقىرى دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، تەپەككۇر ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۆزى ئىزدەۋاتقان نىشانغا يېتىشنىڭ بىر ۋاستىسى خالاس. مەلۇم غايىلەرگە يېتەكلەيدىغان ۋاستىلارنى ئورۇنداپ قويۇشلا شۇ غايىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كاپالىتى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. لېكىن غايىگە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم زۆرۈر ۋاستىلەرنى بېسىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

1 دارىمى رىۋايىتى

تەپەككۇر قىلىش بىر ئادەمنىڭ كۆندىلىك ئادىتىگە، بەلكى تەبىئىتىگە ئايلانغانسېرى، ئۇ ئادەمنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە گەپ سۆزلىرىدىن قىممەت ۋە ھېكمەت شۇنچە جۇلالىنىشقا باشلايدۇ.

ئەتراپىمىزدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا قارىتا مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن مەلۇم پىكىردە بولۇش، زۆرۈر تېپىلغاندا مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇش ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي سەگەكلىكنىڭ بىر ئىپادىسى. يۈرگۈزگەن پىكرىمىز ۋە قايتۇرغان ئىنكاسىمىزنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ئايرىم مەسىلە. ئەمما يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قارىتا بىزنىڭ ھېچقانداق ئىنكاستا بولماسلىقىمىز ئەقلىي قۇۋۋىتىمىزنىڭ يېتىلمىگەنلىكىدىن، بەلكى ئەقلىي جەھەتتىكى ئەڭ ئەقەللىي باسقۇچقىمۇ يەتمىگەنلىكىمىزدىن، ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى ئىمانىي ۋە ۋىجدانىي دىتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى مەۋجۇت ھادىسىلەرگە ئىنچىكە تەپەككۇر كۆزىمىز بىلەن قارىغاندا ھەر ئىشتىن ھېكمەت ۋە ئىبرەت ھېس قىلغىلى، شۇنداقلا ھەر بىر ھادىسىدىن ئۆزىمىزگە مۇناسىپ يەكۈنگە كەلگىلى ۋە ئۇچۇرغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئېرىشكەن ئۇچۇر ۋە يەكۈن قانچىكى كۆپ بولسا ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسى شۇنچە كەڭرى بولىدۇ-دە، بۇ كەڭرىلىك تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىغا زور ھاياتى كۈچ بېغىشلايدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ كاللىمىزنى كېرەكسىز ئۇچۇر ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇش ياكى نېمە تاپساق تاشلايدىغان «دىۋاننىڭ خورجۇنى»غا ئايلاندۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ھاياتلىقتىكى مۇھىم نىشان ۋە غايىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇچرىغان ھەر بىر مەسىلىدىن قوبۇل قىلغان ئۇچۇر ۋە يەكۈنلەرنى ئەقلىنىڭ ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھېكمەت ۋە بەسىرەت بىلەن ياخشى سىنتېزلاپ، ئۆزىمىزنىڭ غايىمىز ۋە نىشانىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەھمىيەتلىك ئۇچۇر ۋە ئىبرەتلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇش، مۇھىم بولمىغان، ئەھمىيەتسىز ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ، ئەقلىي كامالەتنىڭ مۇھىم باسقۇچلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئەقلىي قۇۋۋەت ئادەمنىڭ ھېس-تۇيغۇ ۋە بىلىش جەريانىنىڭ بارلىق ھالقىلىرىغا نىسبەتەن يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇ، ئادەمنى بىر قەدەر مۇۋاپىق، قولاي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوبيېكتقا يېقىنلاشتۇرىدۇ. بۇ، تەپەككۇر ۋە ئەقلىي قۇۋۋەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى غايە ۋە نىشان ئەمەس، بەلكى غايە ۋە نىشان بولغان ھەقىقەت يولىدىكى ۋاسىتىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئەقىدىسىدە ئەقىل ۋە تەپەككۇرنىڭ نەقىل[1] ئاساسىدا بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان نەقىل ئىلاھىي ھەقىقەتنىڭ نەق ئۆزى بولۇپ، ئەقىل ۋە تەپەككۇر شۇ ھەقىقەتنى روشەنلەشتۈرىدىغان ۋە جۇلالاندۇرىدىغان ۋاستىدىن ئىبارەت.

## دەۋەتچىلىرىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان پىكرىي ئۆزۈكچىلىك مەسىلىسى:

پىكرىي ئۆزۈكچىلىك دېگەندە، دەۋەتچىلەرنىڭ ئورتاق پىكىر، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلماي، تەرمە، يېتىم پىكىرلەرگە بەند بولۇپ كېتىش ھادىسىسىنى ۋە پىكىردىكى ئىزچىلسىزلىق، پىكرىي ئاتلىمچىلىقنى تەڭ نەزەردە تۇتىمىز ۋە تۆۋەندە شۇ ئىككى لىنىيە بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

توغرا نىيەت ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان دەۋەتنىڭ ھامان ياخشى نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ. بۇ دۇنيادا پەقەت نەتىجىسى كۆرۈلمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ئادا بولىدۇ.

دەۋەتچىلىك تولىمۇ ئۇلۇغ، ئەمما خەتىرى كۆپ، شۇنداقلا غايەت دەرىجىدە پىداكارلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر پائالىيەت. جاھان تارىخىدا ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ بىردىنبىر ئورتاق ۋەزىپىسى دەل دەۋەتچىلىكتۇر. دەۋەتچىلىكنى ئۆزىنىڭ ھاياتى پائالىيىتىگە ئايلاندۇرغانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەمەلىي خىزمەتلىرىگە ۋارىسلىق

1 قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ

www.uyghurkitap.com

قىلغۇچىلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋارىسلارنىڭ كۈتۈلمىگەن خەتەرلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئېغىر سىناققا دۇچ كېلىدىغىنى پەيغەمبەرلەر، ئۇنىڭدىن قالسا شۇلارنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغانلاردۇر».[1]

دەۋەت يولىدا ھەرخىل خەتەرلەرگە يولۇقۇش تارىخىي مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، ئەمما بۇ خەتەرنى ئاللاھقا ئىسلىش ۋە ئاقىلانە ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق تۆۋەن چەككە چۈشۈرگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ جەرياندا ئەقىل ۋە تەپەككۇرنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. نەقىل بىلەن ئەقىلنى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ، نەقىلنى مەنبە قىلغان ھالدا ئەقلىي تەپەككۇر قىلىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە تەپەككۇر ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم بىر جامائەتچىلىككە، بەلكى ئومۇم خەلققە نىسبەتەن سەركىلىك رول ئويناۋاتقان كىشىلەرگە نىسبەتەن پىكىر ـ تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ راۋاجى بولغان ئەقلىي مۇكەممەللىك تېخىمۇ مۇھىم.

ھەر نەرسىنىڭ مۇھىم ۋە نامۇھىملىرى بولغاندەك، پىكىر ۋە تەپەككۇرنىڭمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەھمىيەتسىزلىرى بولىدۇ. بەزى ئىشلارنى كۆرۈپلا قويسا، بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپلا قويسا بولىدۇ. بەزى ئىش ۋە گەپلەردىن كۆز، قۇلاقنى ئەما، گاس قىلىۋېلىشمۇ ئىنتايىن ياخشى ئۇسۇل. دەۋەتچىلەرنىڭ مەزكۇر تەرەپلەردىكى قىممەت ۋە ئەھمىيەتنى قانچىلىك ھېس قىلىشى ئۇلارنىڭ پىشىپ يېتىلگەن ياكى يېتىلمىگەنلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئۇچرىغانلىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىنى ئۆزىگە يۈك قىلىۋېلىپ، شۇ ھەققە كاللا قاتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقى بىلەن كارى يوق، ھەر سورۇندا سۆزلەپ، ھەر دوقمۇشتا چاقاپ يۈرۈش دەۋەتچىلەردىكى روھىي پۇچەكلىكنىڭ بىر ئىپادىسى. ئەلۋەتتە قايسى مەسىلىگە قانچىلىك ئېتىبار بېرىشنى بىلىشمۇ مۇئەييەن سەۋىيە ۋە ساپاغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ۋاقتى كەلمىگەن ياكى ۋاقتى ئۆتكەن مەسىلىلەرگە ئاۋامنىڭ دىققىتىنى رام قىلىپ رېئاللىق بىلەن ئاۋام ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىش ھازىرقى دەۋەتچىلەردە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان نۇقسانلارنىڭ بىرى. رېئاللىقنى ئۆز پېتىچە چۈشىنىش ۋە ئاۋامغا شۇ رېئاللىقتا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىش دەۋەتچىلەرنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى ئىدى. ھالبۇكى، كۆپىنچە دەۋەتچىلەردە ئۆزىنىڭ رېئاللىققا بولغان چولتا چۈشەنچىسىنى قەستەن سىرلىق كۆرسىتىپ، ئاۋامنى غايىۋىي تەسەۋۋۇلار بىلەن مەستخۇش قىلىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ چولتىلىقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان ئەھۋاللار خېلىلا ئېغىر. ناۋادا بۇ ئىشلار دەۋەتچى ئاتىلىۋاتقانلاردىن ئاڭلىق ھالدا سادىر بولۇۋاتقان بولسا، ئېنىقكى ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى دىن ۋە ئاۋامغا قىلىنغان خىيانەت ھېسابلىنىدۇ.

دىنىي خىزمەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز، بولۇپمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىرگە ۋە نوپۇزغا ئىگە دەۋەتچىلەر ئۆزىدە ساغلام تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە پىكرىي سوغۇققانلىق يېتىلدۈرۈشى ئىنتايىن مۇھىم. تەپەككۇرغا ساغلام ياكى ساغلام ئەمەس دەپ باھا بېرىشتە، ئەلۋەتتە تەپەككۇرغا ئارقا تىرەك بولۇۋاتقان بىلىشنىڭ مەنبەسىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىيە مۇنداق دەيدۇ: «قەلب گوياكى بىر قازان بولسا، تىل چۆمۈچتۇر، قازاندا نېمە بولسا تىل شۇنى ئۇسۇپ ئالىدۇ». دېمەك، تەپەككۇر ۋە تەلەپپۇزلاردىكى قىڭغىرلىق ئەلۋەتتە قەلبتىن تەپچىپ چىققان بولىدۇ.

پىكرىي سوغۇققانلىق مەسىلىلەرگە ھېسسىي ئەمەس بەلكى ئەقلىي نۇقتىدىن قارايدىغان، مۇئەييەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغاندا مەسىلىلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ، پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەتنى تەڭ نەزەرگە ئېلىش ئىقتىدارى ھازىرلىغان كىشىلەرنىڭ پىكرىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ مەسىلىلەرگە قارىتا

1 ئەھمەد، دارىمى ۋە تىرمىزىلار رىۋايىتى

نەقىل، ئەقىل ۋە پىكىر ئاساسىدا مۇئامىلە قىلماي، ھېسسىيات ۋە بىردەملىك غىل-پال تۇيغۇلارغا ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىمىزدىن ھېلىمۇ تارتقۇلۇقلارنى ئاز تارتمىدۇق. ئەمدى بولسىمۇ پىشىۋالار، سەركىلەر، ئاۋام ئىچىدە گېپى ئۆتىدىغان، يېتەكچىلىك رول ئېلىشۋاتقانلارنىڭ جىددىي سىلكىنىدىغان، ئويلىنىدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى. بەلكى شۇ باسقۇچتىن خىلىلا ئۆتۈپمۇ كەتتى.

تەپەككۇردىكى ئىزچىللىق بەسىرەت ۋە ھېكمەت چوڭقۇرلۇقىغا باشلايدۇ. سالاھىيەتلىك دەۋەتچى بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى دەۋىتىنى قاراتماقچى بولغان ئاۋام خەلقنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى چۈشىنىشكە، يۈرەك سوقۇشلىرىنى، قەلب تېپىشلىرىنى ھېس قىلىشقا تىرىشىش ئىنتايىن مۇھىم. ئاۋام خەلقنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقىنى نەزەرگە ئالمىغان دەۋەتچى ئېنىقكى مەغلۇب بولغان دەۋەتچىدۇر.

ئاۋام خەلقنى دەۋەت قىلىشتا ۋە ئۇلارنى يېتەكلەشتە ئەلۋەتتە شۇلارنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسى، شارائىتى، ساپاسى قاتارلىقلارنى تەڭ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. دەۋەتچىلەر خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە تىلغا ئالغاندەك «دوزاخنىڭ گىرۋىكىگە بېرىپ قالغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچىلار، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلغۇچىلاردۇر». دېمەك، دەۋەتچىلىك خىزمىتى ناھايىتى بۈيۈك، تولىمۇ ئالىيجاناپ، تولىمۇ ئۇلۇغ بىر خىزمەت. ئەمما ھەرقانداق ئالىيجاناپ، بۈيۈك خىزمەتلەر ئۆزى قارىتىلغان ئوبيېكت قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە ياكى ھەزىم قىلالىغۇدەك سەۋىيىدە بولمىسا، ئېنىقكى «ھەسەلنى كۆپ يېسە ئەمەن تېتىدىغاندەك» بىر ئىش بولىدۇ.

تارىخنىڭ چاقى بىر خىل رېتىمچانلىقتا ئىگە. قانداق بىر ئادەم تارىخ چاقىنى ئىتتىرىپ تىزلەتمەكچى بولىدىكەن ياكى چاقىقا توساق قويۇپ ئارقىغا بۇرىماقچى بولىدىكەن، ئېنىقكى نەتىجە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. پەقەت ھېكمەت بىلەن، ئاڭ بىلەن، توغرا ئىدىيە بىلەن شۇ چاقىقا ياندىشالىسىلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. ئەلۋەتتە تارىخ چاقىنىڭ ئايلىنىشىمۇ ئاللاھنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى رامكىسىدىكى بىر ئىش. دېمەك، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر دەۋەتچى بولۇش ئۈچۈن تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى ياخشى چۈشىنىش، ھاياتتىكى ھەر شەيئىگە ئەڭ ئاۋۋال ئىلاھىي قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، شۇ قانۇنىيەتكە ئۆزىمىزنى ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ناۋادا ھېچ نەرسە بىلەن كارىمىز يوق، كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپلا ئۆزىمىز تاللىغان خىزمىتىمىزنى داۋاملاشتۇرماقچى بولساق، بىز يېتەكلىمەكچى بولغان كىشىلەر توپى بىلەن ھايات رېتىمى ۋە تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ئارىسىنى ئايرىۋېتىپ، ئاخىرىدا بىر توپ غايىۋى كىشىلەرنى ياكى جاھان تەرەپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بىر توپ كۆڭلى ياخشى، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىچارىلەرنىلا تەربىيەلەپ قويىمىز.

بىزنىڭ ھازىرقى دەۋەت ۋە مائارىپ ساھەيىمىزدە كۆپىنچە ئىشلارنىڭ غايىۋىلىكىگە، ئۇلۇغۋارلىقىغا تولىراق ئەھمىيەت بېرىلىپ، رېئاللىقىغا، ئەمەلىيەتچانلىقىغا، قوللىنىشچانلىقىغا سەل قارالغاچقا، كىتابىي ئادەملەر ياكى نوقۇل مەنىدىكى «ياخشى ئادەم»لەر خىلى كۆپ تەربىيەلەنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتچىل ئادەملەر، يارامىلىق ئادەملەر، كارغا كېلىدىغان ئادەملەر تولىمۇ ئاز بولۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتىكى رېئاللىقتا توغرا پوزىتسىيە تۇتالايدىغان، ئىشلارنىڭ ئالدى-كەينىنى نىسبەتەن توغرا دەڭسىيەلەيدىغانلار كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. كۆپىنچە دەۋەتچىلىرىمىزنىڭ تەبلىغلىرىمۇ، مۇدەررىسلىرىمىزنىڭ دەرسلىرىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، رېئاللىق بىلەن كۆپ مۇناسىۋىتى بولمىغان نەزەرىيەلەرلا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. كۆپىنچە تەبلىغ ئاڭلىغۇچىلارمۇ نەق مەيداندا ھاياجانلىنىپ، تاتلىق تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ كەتكىنى بىلەن، شۇ سورۇندىن قوپقاندىن كېيىن سورۇندا ئاڭلىغىنى بىلەن ھاياتتا ئۇچرىغان رېئاللىقلارنى توغرا جىپسىلاشتۇرالماي، دىككابىردا كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئەندىكىپ كېتىۋاتىدۇ.

مەزكۇر تەرەپلەر دەل مۇبەللىغلىرىمىز ۋە مۇدەررىسلىرىمىزنىڭ ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرمىگەنلىكىنى، بەزى رېئال مەسىلىلەرگە

www.uyghurkitap.com

نىسبەتەن ئۆزىدىمۇ تېخى مۇئەييەن قاراش شەكىللەندۈرۈپ بولالمىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىۋاتىدۇ.

مەسىلەن، يېقىنقى بىر قانچە يىللاردا ئوتتۇرىغا چىققان «پەرزەنتلەرنى دىنسىزلارنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇش ـ ئوقۇتماسلىق مەسىلىسى»، «ھىجرەت مەسىلىسى» ۋە سودا ـ تىجارەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم يېڭى مەسىلىلەر... قاتارلىق تالايلىغان مەسىلىلەردە دەۋەتچىلىرىمىز ئەتراپلىق ئىزدەنمەي، ئۆز ـ ئارا بىلىم ئالماشتۇرۇشماي، مۇھاكىمە قىلىشمايلا ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرگەنلىكى ئۈچۈن قەدەمدە بىر ئۆزىمىزنىڭ بۆرۈنتىغا پۈتلىشىپ يىقىلىدىغان ئىشلار يۈز بەردى ۋە بېرىۋاتىدۇ. ھەتتا تېخى ئۆزى تۇنجى ئۇچرىغان بىر مەسىلىگە قارىتا شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا كېسىم چىقىرىدىغان بىلەرمەنلەرمۇ نۇرغۇن. دىيارىمىزدا مۇبەللىغ بىلەن مۇدەررىسنىڭ، ئىمام بىلەن مۇپتىنىڭ چېگراسى تازا ئېنىق ئايرىلماستىن، بۇلارنىڭ ئۇقۇملىرىمۇ مۇجمەل چۈشىنىلگەن بولغاچقا، ئاۋام خەلق كىچىك بىر مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىدىن چوڭ ـ چوڭ پەتىۋالارنى سورايدىغان، بەرەر سورۇندا بەرەر قېتىم تەبلىغ قىلغانلاردىن ھايات ـ ماماتلىق مەسىلىلەردىمۇ شەرئىي يول سورايدىغان ئىشلار مەۋجۇت. ئۇلاردا پەتىۋا ۋە سوئال سوراشقا قارىتا قىزغىنلىق بولغىنى، دىنىي ئىشلارنى سوراپ قىلىشتەك ياخشى يۈزلىنىشلەر بولغىنى بىلەن نېمىنى كىمدىن سوراش، قانداق سوراشنى بىلگۈدەك ئاڭ ۋە بەسىرەت يېتىلىپ بولالمىغان. ئۇچرىغانلىكى مەسىلىلەرگە نەق مەيداندا جاۋاپ بېرىدىغان مەسئۇلىيەتسىز، ئاڭسىز دەۋەتچىلەر بىلەن كىمدىن نېمىنى، قانداق سوراشنى بىلمەيدىغان ئاۋام بىر بولۇپ ئاخىرىدا ئېغىر پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە زېمىن ھازىرلىغان.

مەن مەلۇم بىر دەۋەتچىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم مەسىلىلەرگە قارىتا بىر يىلدا ئۈچ قېتىمچە پىكىر ئۆزگەرتىپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن. ھېلىقى دەۋەتچىنىڭ بۇ بىر قانچە قېتىملىق پىكرىي ئاغمىچىلىقى سەۋەبىلىك نۇرغۇنلىغان ئاقكۆڭۈل كىشىلەرنىڭ بىھۇدە، ئورۇنسىز بەدەل تۆلەپ كەتكەنلىكى مەلۇم. مەن بۇ ئىشلارنى ئويلىسام تولا بىئارام بولىمەن، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. شۇ ئورۇنسىز بەدەل تۆلىگەن، ھەتتا ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋابالى كىمگە بولار دەپ ئويلايمەن.

ئەمەلىيەتتە دەۋەتچىلىرىمىز ۋە مۇدەررىسلىرىمىزدە مەسىلىلەرگە قارىتا مەخسۇس ئىزدەنمەسلىك، پەتىۋا ۋە سوئاللارغا ئېتىبارسىز قاراش، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشماسلىق قاتارلىق بىر قىسىم ناچار خاھىشلار مەۋجۇت. بۇ ئىنتايىن ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئەھلى ئۆلىماغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى ۋارىسلىرىغا يات بىر قىلمىش.

ئەھلى ئۆلىمالارنىڭ، دەۋەتچىلەرنىڭ ۋە مۇدەررىسلەرنىڭ قېشىغا مەسىلە ياكى مەسلىھەت سوراپ كەلگەنلەر ئۇلارنى ئىنتايىن چوڭ بىلگەچكە، شۇلار تەرىپىدىن بىر چىقىش يولى كۆرسىتىلىپ قالار دېگەن ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ ئۈمىدى ۋە ئىشەنچىسىگە پەرۋاسىز قارايدىغان بىر قىسىم مەسئۇلىيەتسىز «سەركە»لىرىمىز باشقىلارنىڭ جانجان مەسىلىلىرىگە ئويۇننىڭ ئورنىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئەستايىدىل ئىزدەنمەستىن، شۇلارنىڭ ئورنىدا ئۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزمەستىن، يەڭگىللىك بىلەن ئۆزىمۇ تازا ئىشەنچ قىلالمايدىغان گوڭگا قاراشلار بىلەن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۇلارنى يولغا سالىدۇ. ۋەھالەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەسلىھەت سورالغان كىشى ئىشەنچلىك ھېسابلانغان كىشىدۇر»[1] دېگەنىدى. شۇڭا مەسلىھەت سورىغۇچىغا خاتا مەسلىھەت بېرىش خىيانەتتۇر. خۇسۇسىي مەسلىھەت ئىشىدا بىپەرۋالىق قىلغۇچىلار خىيانەتچى ھېسابلىنىدىغان تۇرسا، كۈنىمىزدىكى شەرئىي پەتىۋالارغا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتقانلارنى، ئاۋامنىڭ ھاياتى بىلەن ئويىنىشىۋاتقانلارنى، باشقىلارنى نائېنىق بولغان يوللارغا باشلاپ قويۇۋاتقانلارنى، باشقىلارنى ئۆزىمۇ خالىمايدىغان كويلارغا سېلىپ قويۇۋاتقانلارنى نېمە دېسەك بولار؟!

1 ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى سەھىھ، دېگەن.

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسى يۇقىرىدىكى قاراشلىرىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ: «بىز بىر سەپەرگە چىقتۇق، ئىچىمىزدىن بىرەيلەنگە تاش تېگىپ بېشى يېرىلىپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۇ ئادەم ئېھتىلام بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەمراھلىرىدىن «تەيەممۇم قىلسام بولامدۇ» دەپ سورىدى. ھەمراھلىرى: سۇ بار تۇرسا، بىزنىڭچە سەن تەيەممۇم قىلساڭ بولمايدۇ، دېيىشتى. نەتىجىدە ئۇ ئادەم غۇسلى قىلدى-دە، شۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتتى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەمراھلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، بىلمىسە سورىسا بولمامدۇ، بىلمەسلىكنىڭ دورىسى سوراشقۇ؟! بەلكى ئۇ ئادەم تەيەممۇم قىلسا ياكى يېرىلغان يەرنى تېڭىۋېتىپ، بەدىنىنىڭ باشقا يەرلىرىنى يۇيۇپ تېڭىلغان يەرگە مەسھى قىلسىمۇ بولاتتىغۇ! دەپ كايىدى».[1] مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارغا كايىدى، ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ دېگەن ئېغىر سۆزنى ئىشلەتتى.

بىر ئادەم ئۆزى شەخسىي خاتالاشسا ۋابالىنى ئۆزى تارتىپ ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن ئاۋامغا نىسبەتەن سەركىلىك رول ئويناۋاتقان، باشقىلارنىڭ ئالدىدا پېشۋاغا ئايلىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ خاتالىقى ئۆزى بىلەنلا تۈگىمەستىن، بەلكى ئاۋامغا ئېغىر پاجىئەلەرنى كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتچىلەر ۋە مۇدەررىسلەر، يىغىپ ئېيتقاندا باشقا ئادەملەرگە نىسبەتەن سەركە بولۇپ قالغانلار ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ھېسسىيات بىلەن پىكىرنى، بىلىم بىلەن ئۈچۈرنى، مەسلىھەت بىلەن پەتىۋانى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي، ئۆزىنىڭ كۈچى يېتىدىغان، ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىشلارنىڭ پېشىنى تۇتۇشى ۋە قىيامەتتىكى ھېسابىنى ئويلاپ قويۇشى، قىلغان ھەربىر ئىشىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ئۆزىنى ئاۋام خەلققە سەركە بولۇش، باشقىلارغا كۆرسەتمە بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ يول خەرىتىلىرىنى سىزىپ بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ قارىغۇچىلار چوقۇم ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنىڭ ئالدى-كەينىنى ياخشى ئويلىشىشى، ئۆزى قىلىۋاتقان پىكىر، تارقىتىۋاتقان ئىدىيەلىرىنىڭ ئۇممەتكە، بولۇپمۇ ئۆزى نىشان قىلغان ئىجتىمائىي توپقا نىسبەتەن كەلتۈرىدىغان پايدا-زىيانلىرىنى توغرا مۆلچەرلىيەلىشى كېرەك. ھازىر بىلەن كەلگۈسىنى، نەق بىلەن نېسىنى ياخشى دەڭسىيەلەيدىغان ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭ نەزەرگە ئېلىپ ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان دىتقا ئىگە بولۇشى لازىم.

ئويغانغاندىن كېيىن قەيەرگە مېڭىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنى ۋاقتىنچە ئويغاتماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ماڭىدىغان يوللىرىنى تۈزلەپ داغداملاشتۇرۇش، يوللىرىغا چىراغ يېقىپ نۇرلاندۇرۇپ، ئويغانغاندىن كېيىن تەمتىرىمەي ماڭغۇدەك ئىمكانىيەت يارىتىش، «مېنىڭ ۋەزىپەم ئويغىتىش» دەپلا كېيىن قانداق مېڭىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇپ ئويغىتىپ قويغاندىن مىڭ ئەۋزەل. ئۆزىنىڭ ھايات يۆنىلىشىنى ئېنىق بەلگىلەپ بولالمىغان، ھاياتتا ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك بىر غايە تۇرغۇزۇپ بولالمىغان كىشىلەر بىمۇناسىپ ۋاقىتتا ئويغىنىپ قالسا مەڭدەپ قېلىپ تاملارغا ئۈسسۈۋېلىشى ياكى ئورەكلەرگە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان دەۋەتچىلەر ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى قاراتماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى، ۋەزىيەت، شارائىتلىرىنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئۇنىۋېرسال ساپاسى قاتارلىق سۇبيېكتىپ ئەھۋاللارنىمۇ ياخشى نەزەرگە ئېلىشى، ئىشنى ئاۋۋال قەيەردىن باشلاش توغرىسىدا ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىشى، باشقا مەسلەكداشلىرى بىلەن مۇمكىنقەدەر پىكىر بىرلىككە كېلىشى لازىم.

ھەرقانداق بىر توپقا قارىتىلغان ئاقارتىش ئاۋۋال قەلبتىن باشلانمىسا، ئۇ نوقۇل شەكلىي ئاقىرىش بولۇپ قالىدۇ-دە، ھالقىلىق پەيتلەردە قەلب بىلەن ئەمەلىيەت ماسلىشالماي كۆپلىگەن زىددىيەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

1 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

www.uyghurkitap.com

كونىلاردا «دىلدىن تارتمىسا، بەلدىن تارتقان بىكار» دەيدىغان بىر گەپ بار. ئەلۋەتتە بۇ دىن پىترەت دىنى. يەنى ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە خىتاب قىلىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان دىن. ئەسلى تەبىئەتكە ماس كېلىدىغان بۇ دىننى ئاۋام قوبۇل قىلالىغۇدەك، دەرھال قۇچاق ئاچالىغۇدەك يەتكۈزۈش دىننىڭ تەبىئىتى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى چۈشىنىدىغان دەۋەتچىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ھايات بىر خىل رېتىمچانلىققا ئىگە. ئەلۋەتتە بۇ رېتىمچانلىق ئىلاھىي قانۇنىيەت بويىچە داۋام قىلىدۇ. ئىلاھىي قانۇنىيەت ئىلاھىي ئادالەتنى ئۆزىگە مىزان قىلغان. ئىلاھىي ئادالەت بارچە كائىنات، ئىنسۇ-جىن ۋە ئۇلار ئىچىدىكى مۆئمىن-كاپىر قاتارلىق بارلىق تىپلارغا ئورتاق. بۇ نۇقتىدىن ئىلاھىي قانۇنىيەت ئالدىدا ئاللاھدىن ئىمتىيازغا ئىگە ھېچ نەرسە يوق.[1] ئىلاھىي قانۇنىيەتنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ماس ھەرىكەت قىلىشتا لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىنتايىن مۇھىم. لوگىكىلىق تەپەككۇر كىشىنى يەڭگىللىكتىن، قىزىققانلىقتىن، قارىسىغا ھۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلاپ، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يۈكسەلدۈرۈپ، سوغۇققانلىق ۋە تەمكىنلىككە باشلايدۇ. سوغۇققانلىق، تەمكىنلىك ھەربىر ئادەم ئۈچۈن، خۇسۇسەن پېشۋا، سەركىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەڭگۈشتەر.

بىز تۈزىتىشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان پىكرىي ئۆزۈكچىلىك مەسىلىسى، مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدە ئىنچىل پىكىر قىلماستىن، مەزگىللىك، پەسىللىك پىكىر قىلىدىغانلارغا ۋە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشماي، جەمئىيەتتىن ئايرىلغان ئاقما پىكىرلەر بىلەن ئۆزىنى پەيلەپ ئۆتۈۋاتقانلارغا قارىتىلغان. قەدىرلىك مۇبەللىغلىرىمىز ۋە مۇدەررىسلىرىمىز يۇقىرىقىدەك نۇقسانلاردىن يىراق تۇرۇپ، ئۆزىگە خاس مۇقىم مەۋقە شەكىللەندۈرۈشى، ئۆز ساھەسىدىكىلەر بىلەن ۋە ئادەتتىكى ئاۋام خەلقلەر بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ، پىكىرلىشىپ، ئۆزىدە تولۇقلاشقا تېگىشلىك تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى ئىنتايىن مۇھىم. ھاياتتا ھەر نەرسە كونىرىغاندەك بىلىم ۋە پىكىرمۇ كونىراشچانلىققا ئىگە. ئەلۋەتتە بۇلارنى مۇناسىپ پەيتتە، مۇۋاپىق مىقداردا يېڭىلاپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشۇپ، چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ساھابىلەر ۋە سەلەف سالىھلاردىن ئۆزئارا ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن قانچىلىغان مۇساپىلەرنى كەزگەنلىكى، قانچىلىك رىيازەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەنلىكى توغرىسىدا تالاي مىساللار بار. يېڭىلاش مەسىلىسىدە بىلىم بىلەن ئۇچۇرنى، پىكىر بىلەن كوچا پاراڭلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماي، يېلىنىزلىق بىلىملەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش، ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ سايىسىگە ئايلىنىپ قالماي، ئۆزى ۋە ئۆزى تەۋە توپنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆزىگە خاس قىممەتقاراش ۋە ئىدىيە شەكىللەندۈرۈش، ئۆزىنىڭ ئىدىيە، قىممەتقاراش ۋە پىكىرلىرىنى چوقۇم نەقلىي ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ھەقنى ھەق دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشكىلى، باتىلنى باتىل دەپ تونۇپ ئۇنىڭدىن يىراقلاشقىلى نېسىپ قىلسۇن. ھەممىمىزنى توغرا ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرسۇن، توغرا پىكىر بىلەن كۈچلەندۈرسۇن. (ئامىن)

— داۋامى كېيىنكى ساندا...

1 ئەلۋەتتە قانۇنىيەتنىڭ ئىگىسى ئاللاھ. ئۇنداق بولغانىكەن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئالاھىدە ئەھۋاللاردا تەبىئىي قانۇنىيەت شۇ ئالاھىدە ئەھۋاللارغا بويسۇنىدۇ. لېكىن ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كائىنات ئاللاھ ئۆزى بەلگىلىگەن ئۆز قانۇنىيتى بويىچە داۋام ئېتىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ھەر دائىم ئاللىقانداقتۇر بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تەبىئىي قانۇنىيەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىش چولتىلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تەبىئىي قانۇنىيەت دەل ئاللاھنىڭ تەبىئەتكە ئىجرا قىلغان ئۆز قانۇنىيىتىدۇر. بۇ قانۇنىيەتتىكى ئالاھىدە ئۆزگىرىشلەر ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىدۇر. مۆجىزە دېگەن ئاللاھ خالىغان كىشىلەرگە ھاياتتا بىر ياكى بىر قانچە قېتىم يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى قىلماي، ھەر ئىشتا ئاللاھتىن مۆجىزە كۈتۈپ ياشاش ئىلاھىي قانۇنىيەتكە زىت كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتتىكى ھەر بىر پائالىيىتىمىزنى ئىلاھىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.



# تىل ۋە تەرجىمىچىلىك توغرىسىدا (2)

ئابدۇسەمەي مۇھەممەدئىمىن

## 1 ـ تەرجىمە ماھارىتى

مۇئەييەن بىر ئەسەرنى بىر نەچچە تەرجىمان ئۆز ئالدىغا تەرجىمە قىلسا، تەرجىمىلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ چىقىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان مەسىلە. شۇنداقلا بىر تەرجىمان مۇئەييەن بىر ئەسەرنى ھاياتىنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىللىرىدە يېڭىلاپ تەرجىمە قىلسا، شۇ تەرجىمىلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ چىقىشى تۇرغانلا گەپ. دېمەك، تەرجىمە جەريانى تولىمۇ مۇرەككەپ جەريان. ئۇ بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان نۇرغۇن باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

تەرجىمە خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچلارنى تەييارلىق، چۈشىنىش، ئىپادىلەش، تەكشۈرۈش، بېكىتىش قاتارلىق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

تەييارلىق باسقۇچى دېگىنىمىز تەرجىمە قىلىنماقچى بولغان ئەسەرنى، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتىن بۇرۇن شۇ ئەسەرگە ئالاقىدار پايدىلىنىش ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىش، ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، ئۇنىڭدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى بىلىش، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىش قاتارلىق تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

چۈشىنىش باسقۇچى دېگىنىمىز تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە باسقۇچنى كۆرسىتىدۇ:

1. ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش.

بۇنىڭدا ئاساسەن لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى تەھلىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

2. لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ئامىللارنى تەھلىل قىلىش.

بۇنىڭدا سۆزلەرنىڭ تەركىبىنى، لۇغەت مەنىسىنى، ئوبيېكتىپ مەنىسىنى، ھېسسىيات ئۇقۇمىنى تەھلىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

3. ئەسلى ئەسەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىي دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلىش.

ھەر قانداق ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن شۇ ئەسەر ۋەكىللىك قىلغان دەۋرنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى مەلۇم سۆز ئىبارىلەر مەلۇم دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشتە ئۆزىگە خاس مەنا ئىپادىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، بىز بىرەر ئەسەرنى تەرجىمە قىلماقچى بولساق، ئەڭ ئاۋۋال شۇ ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى، ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى، دۇنيا قارىشى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى، ئەسەر يېزىلغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى تولۇق چۈشىنىشىمىز لازىم.

4. سۆز ئىبارىلەرنىڭ مەنىلىرىنى تەھلىل

www.uyghurkitap.com

قىلىش.

بۇ، مۇنداق ئۈچ تۈر بويىچە بولىدۇ.

1) مەركەزگە قارىتىلغان تەھلىل.

بۇ، سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان مەركىزى تەھلىل.

2) مەركەزدىن يىراقلىشىدىغان تەھلىل.

بۇ، سۆزلەرنىڭ مەركىزى مەنىسىدىن ئايرىپ چىققان شاخچە مەنىلىرىنى ئېنىقلايدىغان تەھلىل، چۈنكى بىر سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى، ئىستېمال مەنىسى، كۆچمە مەنىسى دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل مەنىلىرى بولىدۇ.

3) لېكسكىلىق تەھلىل.

بۇ، بىر سۆزنىڭ ھەرخىل تارىخى دەۋردىكى كونكرېت تارىخى ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالاھىدە مەنىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن زۆرۈر بولىدۇ.

تەرجىمە ماھارىتى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئەھۋالدا تولۇق گەۋدىلىنىدۇ.

(1) سۆز قوشۇش ماھارىتى

بۇ مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى، ئەسلى تېكستنى تولۇقلاپ تەرجىمە قىلىش.

ئىككىنچى، تەرجىمە تىلىدا زۆرۈر بولغان گىراماتىكىلىق ئاملىلارنى قوشۇش.

(2) سۆز قىسقارتىش ماھارىتى

بۇ، ئەسلى ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئارتۇق سۆزلەر، باغلىغۇچىلار تەرجىمە تىلىغا ماسلاشمىسا قىسقارتىۋېتىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

(3) سۆز ئالماشتۇرۇش ماھارىتى

بۇ تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

سۆز ئورنىنى ئالماشتۇرۇش

سۆز تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇش

ياردەمچى جۈملىلەرنى ئالماشتۇرۇش

كاتېگورىيەلەرنى ئالماشتۇرۇش.

(4) ئىزاھلاش ماھارىتى

بۇ ئاساسلىقى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

تىل ۋە مەدەنىيەتكە يات تۇيۇلىدىغان سۆز ۋە ئۇقۇملارنى ئىزاھلاش.

مۇئەييەن تارىخ، تارىخى شەخس ۋە كىتاب ماتېرىياللارغا ئىزاھات بېرىش.

بۇ خىل ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا قىستۇرۇلسا بولىدۇ.

## 2 ـ جۈملە بۆلەكلىرى سىلىشتۇرمىسى

ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكرنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تىل بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىلەر ئىپادىلىگەن مەنا ـ مەزمۇن ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) خەۋەر جۈملە (بايان جۈملە)

بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ۋەقە ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئوي ـ پىكىرلەر بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەنگەن جۈملە خەۋەر جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. خەۋەر جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئادەتتە چېكىت (.) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: ئەھمەد بۈگۈن سەھەر تۇرۇپ كەتتى.

(2) سوراق جۈملە

مەلۇم شەيئى ياكى ئىش ـ ھەرىكەت ھەققىدىكى سوئال ـ سوراقنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەرنى سوراق جۈملە دەيمىز. سوراق جۈملىنىڭ ئاخىرىغا ئادەتتە سوراق بەلگىسى(؟) قويۇلىدۇ.

مەسىلەن: سەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولدۇڭمۇ؟

(3) ئۈندەش جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېسسىياتلىق پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە ئۈندەش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ۋاھ، بۇ يەر نېمە دېگەن چىرايلىق ـ ھە!

(4) بۇيرۇق جۈملە

بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، تىلەك، شوئار، چاقىرىق، ئۈمىد مەزمۇنىدىكى پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىلىق (**نحوى**) ۋەزىپىلەردە كېلىپ، بىر تۇتاش جۈملىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەم مەلۇم سوئالغا جاۋاب بولىدىغان تەركىبى قىسىملار جۈملە بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملە بۆلىكى جۈملىدىكى رولىغا قاراپ باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

باش بۆلەك ئىگە، خەۋەر. ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەتتىن ئىبارەت.

(1) ئىگە «**اَلْمُبْتَدَأُ**»

جۈملىدە بايان قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەت ياكى شەيئى ۋە خۇسۇسىيەتنىڭ كىم ۋە نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان باش بۆلەك ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) خەۋەر «**اَلْخَبَرُ**»

ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدىغان، بايان قىلىنغان ئوي ـ پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان باش بۆلەك خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: مال سەمرىسە ياغ بولۇر، يەر سەمرىسە باغ بولۇر.

(3) تولدۇرغۇچى «**اَلْمَفْعُولُ بِهِ**»

ئىگىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە نىشان بولغۇچى ئەگەشمە بۆلەك تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدە ئاساسەن چۈشۈم كېلىش ياكى چۈشۈم كېلىش ئورنىدا كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى تولدۇرغۇچى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن: مەن بۇ كىتاپنى ئوقۇپ چىقتىم.

(4) ئېنىقلىغۇچى « **اَلْمُضَافُ اِلَيْهِ**»

شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەت ۋە بەلگىلىرىنى ئېنىقلاش ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: بۇ ئەنۋەرنىڭ كىتابى.

(5) ھالەت ـ رەۋىش «**اَلظَّرْفُ وَالْحَالُ وَالتَّمْيِيْزُ**»

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى، ۋاقتىنى، سەۋەبىنى ۋە ھەر تەرەپلىمە نىسبەتلىرىنى ئېنىقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئەگەشمە بۆلەك ھالەت ـ رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرىنى تەھلىل قىلىش ئىككى خىل بولىدۇ.

(1) قاتلامسىز تەھلىل

(2) قاتلاملىق تەھلىل

قاتلاملىق تەھلىل قاتلامسىز تەھلىلنىڭ مۇرەككەپلەشكەن شەكلىدىن ئىبارەت.

مەسىلەن: ئالماس دادىسىنىڭ ئېشىكىنى يېتىلگەن ھالدا كېتىپ قالدى.

## 3 ـ تەرجىمىدە سۆز قوشۇش ماھارىتى

ئەسلى تىلنىڭ گراماتىكا جەھەتتىكى ئىخچاملىقى تۈپەيلى جۈملىدە ئوچۇق ئاشكارا تىلغا ئېلىنمىغان، ئەمما جۈملىنىڭ مەزمۇنى شۇنىڭسىز پۈتۈنلەنمەيدىغان سۆزلەرنى تەرجىمىدە قوشۇش سۆز قوشۇپ تەرجىمە قىلىش دېيىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاڭسىز ھالدا قالايمىقان سۆز قوشۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسىدە ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان.

مەسىلەن:

(1) ﴿**اَنِ اضْرِبْ بِعَصَاكَ الْحَجَرَ فَانْبَجَسَتْ مِنْهُ اِثْنَتَا عَشَرَةَ عَيْنًا**﴾ «مۇساغا: ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن دەپ ۋەھيي قىلدۇق. (مۇسا ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرۇۋىدى) ئۇنىڭدىن (قەبىلىلەرنىڭ سانى بويىچە) 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى.[1]»

ئايەتتە تىرناق ئىچىدىكى سۆزنىڭ ئەسلى تېكىستى مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن شۇنىڭسىز مەنا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولالمايدىغان بولغاچقا، تەرجىمىدە قوشۇپ تەرجىمە قىلىندى ۋە ئۇنى تىرناق بىلەن ئەسكەرتىش قىلىندى.

2) ﴿**وَاِنَّ مِنَ الْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ الْأَنْهَارُ**﴾ «تاشلار ئارىسىدا ئىچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار.»[2]

(3) ﴿**وَمَازَاغَ الْبَصَرُ وَمَا طَغَى**﴾ «(پەيغەمبەر)نىڭ كۆزى (ئوڭ ـ سولغا) بۇرالمىدى، (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى.»[3]

---

1 سۈرە ئەئراف 160 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
2 سۈرە بەقەرە 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
3 سۈرە نەجم 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

(4) ﴿فَلَا تخضعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ﴾ «سىلەر (يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا) نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، (نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ.»[1]

تەرجىمىدە سۆز قوشۇش يۇقىرى سەۋىيە ۋە ئالاھىدە دىت تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى جۈملە بۆلەكلىرىدە ئېھتىياجغا قارىتا قوللىنىشقا بولىدۇ. لېكىن سۆز قوشقاندا چوقۇم ئېھتىياجلىق سۆزنىلا قوشۇش بىلەن چەكلىنىش، ئۆزىنىڭ ھېسسىيات-خاھىشلىرىنى، چۈشەنچىلىرىنى خالىغانچە قوشۇپ قويماسلىق لازىم. سۆز قوشمايمۇ راۋان تەرجىمە قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغان بولسا مۇمكىنقەدەر ئۆز پېتى تەرجىمە قىلىش لازىم. راۋانلىقنى قوغلىشىپ خالىغانچە زورۇرىيەتسىز سۆزلەرنى قوشۇپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. بولمىسا ئەسەر تەرجىمىدىن تەپسىرگە ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىدىيىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

## 4-تەرجىمىدە زۆرۈر بولغان گراماتىكىلىق ئامىللارنى قوشۇش ماھارىتى

بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئەرەب تىلىدىكى «جَارٌ مجْرُوْرٌ, ظَرْفٌ» قاتارلىق باغلىغۇچىلارنىڭ ئەسلى مەنىسىنى تەرجىمە تىلغا ماسلاشتۇرۇپ، تەرجىمە تىلغا زۆرۈر بولغان گراماتىكىلىق ئامىللارنى قوشۇپ، جانلىق تەرجىمە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

باغلىغۇچىلار ئادەتتە جۈملىنىڭ مەركىزى ئىدىيىسىنى تەشكىل قىلمايدۇ. بەلكى شۇ ئىدىيەنى يورۇتۇپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنى تەرجىمە ئېھتىياجغا قاراپ ئۆزگەرتىپ، قىسقارتىپ ياكى يۇغۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئەسلى مەنىسى تەرجىمىنىڭ راۋانلىقىغا تەسىر يەتكۈزمىگەن تەقدىردە، ئەسلى مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلغان ياخشى.

مەسىلەن: **لَاتُضِعْ وَقْتَكَ فِي الْحَدِيْثِ مَعَهُ لِأَنَّكَ لَنْ تَكُونَ قَادِرًا عَلَى النِّهَايَةِ عَلَى اِقْنَاعِهِ .**

1 سۈرە ئەھزاب 32-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئەسلى تەرجىمىسى: ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشتە ۋاقتىڭنى زايا قىلما، چۈنكى سەن ئاخىرغا قەدەر ئۇنى قايىل قىلىشقا قادىر بولالمايسەن.

ئەدەبىي تەرجىمىسى: ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ۋاقتىڭنى زايا قىلما، بەربىر ئۇنى قايىل قىلالمايسەن.

يۇقىرىقى جۈملىدىكى 1-باغلىغۇچى «فى»نىڭ ئەسلى مەنىسى «دە، تە» ئىدى، 2-باغلىغۇچى «عَلىَ»نىڭ مەنىسى «غا، قا، گە، كە» ئىدى، 3-باغلىغۇچى «عَلى»نىڭ مەنىسى ھەم «غا، قا، گە، كە» ئىدى، بىراق ئۇلارنى تەرجىمە تىلغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىندى.

**هَـٰذِهِ الْمَسَاحَةُ الْوَاسِعَةُ مِنْ حُقُولِ الْقُمْحِ قَدْ تَمَّ حَصْدُهَا بِالْحَصَادَةِ فِي خِلَالِ سَاعَةٍ وَاحِدَةٍ**

بۇ كەڭ كەتكەن ئېتىزدىكى بۇغدايلار كومباين بىلەن بىرەر سائەتتە ئورۇلۇپ بولدى.

بۇ جۈملىدە باغلىغۇچى «مِنْ»نىڭ مەنىسى يۇغۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىندى، قالغان باغلىغۇچى «با، فِي» قاتارلىق باغلىغۇچىلارنى ئەسلى مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولغاچقا، ئەسلى مەنىسى بويىچە تەرجىمە قىلىندى .

**أُضِيْفَتْ إِلىَ الْعَرَبِيَّةِ اَلآفٌ مُؤَلَّفَةٌ مِنَ الْمُصْطَلَحَاتِ الْعِلْمِيَّةِ الْحَدِيَثَةِ**

ئەرەب تىلىغا ھازىرقى زامان ئىلمىي ئاتالغۇلىرىدىن مىڭلىغان سۆزلەر قوشۇلدى.

بۇ جۈملىدە «إِلىَ»(غا)، «مِنَ»(دىن) دېگەن باغلىغۇچىلار ئەسلى مەنىسى بويىچە ئۆز ئەينى تەرجىمە قىلىندى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، جۈملىنىڭ مەنتىقىلىق ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلمايدىغان، بەلكى شۇ گەۋدىنى پۈتۈنلەشكە ياردەمچىلىك رول ئوينايدىغان «جَارٌ مجْرُوْرٌ»، «ظَرْفٌ»، «حَالٌ»، »تَمْيِيْزٌ»، «مُسْتَثْنىَ» دېگەندەك قوشۇمچە سۆزلەرنى تەرجىمە تىلنىڭ ئېھتىياجغا قاراپ جانلىق ئۆزگەرتىپ، قوراشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ ۋە ھەتتا پۈتۈنلەي قىسقارتىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ. مۇھىمى، جۈملە قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىنىلا قوغلاشماي، ئەڭ مۇھىمى مەزمۇنىنىڭ ساغلام بولۇشىغا، ئەسلى مۇددىئانى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ئەھمىيەت

بىرىش، مېغىزنى سۇغۇرىۋېلىپ شاكىلىنى تاشلاش لازىم.

## 5 ـ سۆز قىسقارتىش ماھارىتى

ئەسلى ئەسەر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى تۈپەيلى جۈملىدە بار بولغان، ئەمما مۇئەييەن مەنە ئىپادىلىمەيدىغان سۆز باغلىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە مۇرەككەپ جۈملە تەركىبلىرى ئارىسىدىكى قاتارى مەنىداش سۆزلەر تەرجىمە تىلىنىڭ ئومۇملاشقان قانۇنىيەتلىرىگە ماسلاشمىسا ياكى تەرجىمە تىلىنىڭ راۋانلىقىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان بولسا، ئۇلارنى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ.

مەسىلەن: **وَحَبَّذَا لَوْ اَنَّ الدَوْلَةَ اللِّبْنَانِيَّةَ اِلَى تَكْلِيْفِ لُجْنَةٍ خَاصٍّ مِنَ الْأُدَبَاءِ وَالنَّاشِرِيْنَ وَبَعْضِ آلِهِ مُتَابَعَةِ اِنْتَاجِهِ فِى تَرْكَتِهِ الَّتِى تَمْلَأُ عَشَرَاتِ الصَّنَادِقِ الْمُهْمَلَةِ وَتَنْسِيْقِ هَذَا الْاِنْتَاجِ وَاِخْرَاجِهِ اِلَىَ عَالَمِ الْعَرَبِى وَفَاءً ذِكْرِ الْرَجُلِ الْعَظِيْمِ وَتَقْرِيْرًا لِأَدَبِهِ وَخِدْمَتِه لِلثَّقَافَةِ الْعَرَبِيَّةِ**

تەرجىمىسى: لىۋان ھۆكۈمىتى بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئەدىبلەر، نەشرىياتچىلار ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ئائىلە ئەزالىرىدىن گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇنىڭ ئەرەب دۇنياسى ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەن نەچچە ئون ساندۇق كەلگۈدەك ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، رەتلەپ چىققان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!.

يۇقىرىقى مىسالدا ئەرەب تىلىغا خاس بولغان تەركىبلەردىن بەزى سۆزلەر ۋە سۆز باغلىغۇچى قوشۇمچىلار قىسقارتىلدى ۋە يەنە بەزى سۆزلەر بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ئىخچاملاندى ۋە مەنىسى كونكرېتلاشتۇرۇلدى.

## 6 ـ سۆز ئالماشتۇرۇش ماھارىتى

سۆز ئالماشتۇرۇش ماھارىتى چېتىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان ماھارەت.

بىز ئۇنى تۆۋەندە ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

1. ئىسمنى پېئىلغا ئالماشتۇرۇش .

**شِعْرِيَّةٌ <u>زَاهِيَّةٌ</u> بِالْحِكَمِ <u>زَاهِرَةٌ</u> بِالْاَمْثَالِ**

ئىلىم ـ ھېكمەتكە تويۇنغان، ماقال ـ تەمسىل بىلەن يۇغۇرۇلغان شېئىر.

بۇ جۈملىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر گەرچە ئەسلىدە ئىسىم بولسىمۇ، بىراق تەرجىمىدە پېئىلغا ئايلاندۇرۇلدى.

ئەرەب تىلىدىكى **اِسْمٌ فَاعِلٌ** (ئىش ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچىنىڭ نامى)، **اِسْمٌ مَفْعُولٌ** (ئىش ـ ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ نامى)، **اَفْعَال** (پېئىللار)، **اَلتَّمْيِيْزُ** (تەمىيىز)، **اَلظَّرْفُ** (ۋاقىت رەۋىش، ئورۇن رەۋىش) قاتارلىقلارنى تەرجىمىدە باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلسا، ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

2. پېئىلنى ئىسىمغا ئالماشتۇرۇش .

مەسىلەن: **نَجِيْبُ مَحْفُوظٌ اِسْمٌ <u>أَضَاءَ</u> فِى أُفُقِ الشَّرْقِ فِى مَطْلَعِ هَذَا الْقَرْنِ**

نەجىب مەھپۇز مۇشۇ ئەسىردىكى شەرق ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز.

بۇ جۈملىدە ئاستى سىزىلغان سۆز گەرچە ئەرەب تىلىدا پېئىل بولسىمۇ، بىراق تەرجىمىدە ئىسىم (چاقنىغان يۇلتۇز)غا ئايلاندۇرۇپ تەرجىمە قىلىندى.

## 7 ـ جۈملە بۆلەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

ھەر قايسى جۈملە بۆلەكلىرىنى تەرجىمە ئېھتىياجىغا قاراپ جانلىق ئالماشتۇرۇپ، سۆز تەرتىپىنى قايتا رەتلەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

لېكىن ئەسلى تىلدا ئىگە «**اَلْمُسْنَدُ إِلَيْهِ**» ياكى تولدۇرغۇچى «**اَلْمَفْعُوْلُ**» بولۇپ، كەلگەن خاس ئىسىملار، مەخسۇس ئاتالغۇلار «**اَلْاَسْمَاءُ اَلْأَعْيَانُ وَالذوَاتُ**» ئەسلىدە ئومۇملاشقان نامى بويىچە ئەينەن تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇلارنى باشقا بۆلەكلەرگە ئالماشتۇرۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

بىراق ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ نامىنى بىلدۈرمەيدىغان مەنالار ئەرەب تىلىدا ئىگە بولالىغىنى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە بولالمايدۇ، شۇڭلاشقا بۇ ئارىدا ئالماشتۇرۇش سەنئىتى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ .

(1) ئىگىنى ئالماشتۇرۇش ماھارىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: اِنَّ الْقُرْاٰنَ نَفْسَهُ عَالَجَ هَذَا الْاِعْتِرَاضْ

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قۇرئاندا بۇ ئېتىرازغا ئۆزى جاۋاب قىلدى.

بۇ جۈملىدە ئىگە «اَلْمُسْنَدُ اِلَيْه» تەرجىمىدە رەۋىشكە ئايلاندۇرۇلدى.

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان «ئاللاھ» ئىگىنىڭ ئورنىغا قويۇلدى.

لېكىن بۇ ئەھۋال مۇتلەقمۇ ئەمەس، بەزىدە ئالماشتۇرۇلمايمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: يُحَاوِلُ الْعِلْمُ الْقَضَاءَ عَلَى الْأَوْبِئَةِ الَّتِي أَبَادَتْ آلَآفَ النَّاسِ

ئىلىم ـ پەن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىنى ئالغان يۇقۇملۇق كېسەللەرنى تۈگىتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ.

بەزىدە جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى ئالماشتۇرۇلىدۇ.

مەسىلەن: فَالْقُرْآنُ جَعَلَ الْإِسْلَامَ فِي مُقَابَلَةِ الشِّرْكِ

تەرجىمىسى: قۇرئاندا ئىسلام شېرىك ئۇقۇمىغا قارشى قويۇلدى.

بۇ جۈملىدە ئەسلىدىكى ئىگە تەرجىمىدە رەۋىشكە ئايلاندۇرۇلدى، ئۆتۈملۈك پېئىل ئۆتۈمسىز (ئۆزلۈك) پېئىلغا ئايلاندۇرۇلدى، تولدۇرغۇچى ئۆزلۈك پېئىلنىڭ ئىگىسى قىلىندى.

دېمەك ئەرەب تىلىدا ئىگە بولۇپ كەلگەن ھالەت ـ رەۋىشلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا ھالەت ـ رەۋىشلەر ئىگە بولالمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، خاس ئىسىم، تەخەللۇس، ئەمەل ـ نام ۋە ئىلمىي ئۇنۋانلار تەرجىمە ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆز ـ ئارا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىلسا بولىدۇ.

(2) ئىگىنىڭ ئورۇن ـ تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇش ماھارىتى.

بىز ئاۋۋال ئىگىنىڭ ئەسلى ئورنىدىن تەۋرىتىلمەي تەرجىمە قىلىنغان نەمۇنىلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. مەسىلەن:

بِالْعِلْمِ وَالْمَالِ يُبْنِي النَّاسُ مُلْكَهُمْ،
لَمْ يُبْنِ مُلْكٌ عَلَى جَهْلٍ وَاِقْلَالِ.

بىلىم بىلەن، مال بىلەن قۇردى خەقلەر چوڭ دۆلەت،
بىلىمسىز ۋە يوقسۇللار سۇرەلمەسكەن سەلتەنەت.

بۇ شېئىردا ئىگىنىڭ ئورۇن ـ تەرتىپى ئالماشتۇرۇلماي، دەل جايىدا تەرجىمە قىلىندى.

وَصَلَتْنَا اَخِيْرًا اَلطَّبْعَةُ الْجَدِيْدَةُ مِنَ الْكِتَابِ

كىتابنىڭ يېڭى نۇسخىسى ئاخىرى بىزگە يېتىپ كەلدى.

بۇ جۈملىدە ئاستى سىزىلغان ئىگىنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر گىراماتىكىسىدىكى جۈملە شەكلى بويىچە بېشىغا ئاپىرىپ تەرجىمە قىلىندى.

مِنْ آدَابِ الْمُحَادَثَةِ اَنْ تَسْمَعَ لِمُحَدِّثِكَ

ساڭا سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭ سۆھبەتنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىدىندۇر.

بۇ جۈملىدە ئاستى سىزىلغان ئىگە تەرجىمىدە ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىندى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرەب تىلىدا «اَلْمُبْتَدأُ»دىن باشقا ئاياغ ئىگە (فَاعِلٌ)لار داۋاملىق «خَبَرٌ» (فِعْلٌ وِشْبِهِ فِعْلٍ)لاردىن كېيىن كېلىدۇ .

بۇنداق ئەھۋالدا تەرجىمىنىڭ راۋانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېھتىياجغا قاراپ «اَلْمُبْتَدَأُ» ئىگىنىڭ ئورۇن ـ تەرتىپىنى جانلىق ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما باش ئىگىنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

(3) خەۋەرنى ئالماشتۇرۇش ماھارىتى

ئىگە ئالماشتۇرۇلغانكەن چوقۇم خەۋەرمۇ ئالماشتۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە خەۋەرنى ئالماشتۇرۇشتىن ئاساسەن خەۋەر بولۇپ كەلگەن سۆز تۈركۈملىرى «فِعْلٌ، شِبْهِ فِعْلٌ» قاتارلىقلارنى ئالماشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئالماشتۇرۇش تەرجىمە ئېھتىياجىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى بەزىدە پېئىللار ئىسىمغا ئايلاندۇرۇلسا، بەزى ئىسىملار پېئىلغا ئايلاندۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: فَلاَ مُشَاهَةَ فِى أَنَّهُ اِنْفَرَدَ بَيْنَ الْمُرْسَلِيْنَ بِأَنَّهُ مُكْثِرٌ مُجِيْدٌ

روشەنكى، ئۇ نەسرى ئىجادىيەتچىلەر ئارىسىدا مول مەھسۇلاتلىق بىگانە شەخس.

مىسالدىكى پېئىل «اِنْفَرَدَ» ئىسىمغا ئايلاندۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىندى ھەمدە خەۋەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئالماشتۇرۇلۇپ جۈملىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا قويۇلدى.

ئومۇمەن ئەرەب تىلدا خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىدا كېلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەر جۈملىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. شۇڭا خەۋەرنى تەرجىمە قىلغاندا ئەسلى ئورنى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى جۈملىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ.

## 8 ـ تولدۇرغۇچىنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

تولدۇرغۇچى ئەرەب تىلدا جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى «مَفْعُولٌ بِهِ» ياكى شۇنىڭ ئورنىدا كەلگەن سۆز تۈركۈملىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلدا چۈشۈم كېلىش ھالىتىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ئاساسەن ئىگىنىڭ كەينىدە بولىدۇ.

مەسىلەن: ﴿**وَاللهُ جَعَلَ لَكُمْ الْأَرْضَ بِسَاطًا**﴾ «ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلىپ بەردى.»[1]

ئايەتتە تولدۇرغۇچى «**الْأَرْضَ**»، «زېمىننى» دېگەن چۈشۈم كېلىش ھالىتىدە تەرجىمە قىلىندى، ئەرەب تىلىدا «**مَفْعُولٌ بِهِ**»دىن باشقا يەنە «**جَارٌ وَمَجْرُورٌ**»لارمۇ تولدۇرغۇچى بولالايدۇ.

ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت ئىسىملا تولدۇرغۇچى بولالايدۇ. ئۇنى جانلىق تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ئىسىمنىڭ ھەر خىل كاتېگورىيىلىرى ئارىسىدىن ئەڭ ئېنىق، كونكرېت بولغىنىنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

مەسىلەن: **لَا بُدَّ لِلْمُتَرْجِمْ مِنْ لُغَةٍ إِلَى أُخْرَى أَنْ يَكُونَ بَصِيْرًا بِاللُّغَتَيْنِ**

بىر تىلنى ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىدىغان ئادەم ھەر ئىككى تىلنى ئوبدان بىلىشى كېرەك.

ئاستى سىزىلغان تولدۇرغۇچى بۆلەك «**جَارٌ وَمَجْرُورٌ**»نى تەرجىمىدە چۈشۈم كېلىش ھالىتىدە تەرجىمە قىلىندى.

﴿**أَرَأَيْتَ الَّذِى* يُكَذِّبُ بِالدِّيْنِ فَذَالِكَ الَّذِى يَدُعُّ الْيَتِيْمَ* وَلَايَحُضُّ عَلَى طَعَامِ# الْمِسْكِيْنِ**﴾ «دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۈشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر.»[2]

«*» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن تولدۇرغۇچى «نى» دېگەن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن، «#» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن تولدۇرغۇچى «گە» دېگەن قوشۇمچە بىلەن تەرجىمە قىلىندى.

## 9 ـ ھالەت، رەۋىشلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

ھالەت، رەۋىش (**اَلظَّرْفُ وَالْحَالُ وَالتَّمْيِيْزُ**)لەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئاۋۋال ئۇنىڭ جۈملىدىكى تۇتقان ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىش زۆرۈر. ھالەت، رەۋىشلەر ئۇيغۇر تىلدا خەۋەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ ئورنىنى، ۋاقتىنى، ھالەتلىرىنى، سەۋەبىنى ۋە ھەر تەرەپلىمە نىسبەتلىرىنى ئېنىقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

مەسىلەن:

**لَقَدْ حَقَّقَتِ الْأُمَّةُ الْعَرَبِيَّةُ فِي الْقَدِيْمِ مَكَانَةً لَاتُزَاحِمُهَا فِيْهَا أُمَّةٌ أُخْرَى**

ئەرەب مىللىتى قەدىمكى دەۋرلەردە ھېچقانداق بىر مىللەت ئېرىشەلمىگەن ئورۇنغا ئېرىشكەن ئىدى.

**وَصَلَتْنَا أَخِيْرًا اَلطَّبْعَةُ الْجَدِيْدَةُ مِنَ الْكِتَابِ**

بىزگە كىتابنىڭ يېڭى نۇسخىسى ئاخىرى يېتىپ كەلدى.

بۇنىڭدا (**ظَرْفُ الزَّمَانِ**) ھېچقانداق قوشۇمچىسىز تەرجىمە قىلىندى .

**اَلشِّعْرُ إِذَا تُرْجِمَ نَثْرًا ذَهَبَ بَهَاؤُهُ وَضَاقَ رُوَاؤُهُ وَبَهِتَ رَوْنَقُهُ**

شېئىر نەسرى شەكىلدە تەرجىمە قىلىنسا كۆركەملىكى تۈگەيدۇ. گۈزەللىكى يوقىلىدۇ. جۇلاسى خۇنۇكلىشىدۇ.

ئاستى سىزىلغان ھالەت ( **الْحَالُ**)، «**تُرْجِمَ**» دېگەن خەۋەرنىڭ ھالىتىنى ئېنىقلاپ كەلدى.

**عَاشَ الْمُجْتَمَعُ الْعَرَبِيُّ اَمَدًا طَوِيْلًا ثَابِتًا فِي بِنْيَتِهِ الْاِجْتِمَاعِيَّةِ وَنُظُمِهِ الْإِقْتِصَادِيَّةِ**

ئەرەب جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى

1 (سۈرە نۇھ 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

2 (سۈرە مائىدە 1 ـ ئايەتتىن 3 ـ ئايەتكىچە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

ۋە ئىقتىسادى تۈزۈمگە تايىنىپ، مۇستەھكەم هالدا ئۇزۇن مۇددەت ياشىدى.

ئاستى سىزىلغان هالەت (اَلْحَالُ)لەر جۈملىدە خەۋەر (عَاشَ)نىڭ هالىتىنى ئېنىقلاپ كەلدى.

خَيْرُ الْمَرْأَةِ اَيْسَرُهُنَّ مَؤُنَةً

ئەڭ ياخشى ئايال خىراجىتى يەڭگىل بولغان ئايالدۇر.

ئاستى سىزىلغان رەۋىش (اَلتَّمْيِيْزُ)، خەۋەر (اَيْسَرُ)نىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاپ كەلدى.

بىز يۇقىرىدا هالەت رەۋىشلىرىنىڭ هەر خىل تەرجىمە قىلىنىش شەكىللىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. شۇنى بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈركى، ئورۇن رەۋىش (ظَرْفُ الْمَكَانِ) بىلەن ۋاقىت رەۋىشى (ظَرْفُ الزَّمَانِ)لارنىڭ ئەسلى جۈملىدىكى ئورنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەرجىمىدە ۋاقىت رەۋىشى ئورۇن رەۋىشىدىن بۇرۇن تەرجىمە قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: وُلِدَ الْإِمَامُ رَشِيْدٌ رِضَا فِى 27 جُمَادِيَ الْأُوْلَى فِي قَرْيَةِ قَلْمُونَ اللُّبْنَانِيِّ.

ئىمام رەشىد رىزا جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 27-كۈنى لىۋاننىڭ قەللىمۇن كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.

شۇنىمۇ بىلىۋېلىش زۆرۈركى، جۈملىدىكى ئىش-هەرىكەتنىڭ كەيپىياتى، مىقدارى، شەكلى قىياپىتى دېگەندەك هەر تەرەپلىمە نىسبەتلىرىنى ئېنىقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان هالەت-رەۋىشلەر تەرجىمىدە چوقۇم خەۋەرنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. بولۇپمۇ جۈملىدىكى ئىش-هەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ كەلگەن سەۋەب خاراكتېرىدىكى رەۋىشلەر ئىگىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ.

وَإِنَّمَا غَرَضُهُ اَنْ يَكْتُبَ فِي ذَالِكَ (أَمِيْرُ الْبَيَانِ) عَبْدُ اللهِ بِقَلَمِهِ الْمُؤَثِّرِ الْمُعَبِّرِ عَنْ مَعَارِفِهِ الْوَاسِعَةِ وَآرَائِهِ النَّاضِجَةِ لِتَجْدِيْدِ التَّأْثِيْرِ فِي أَنْفُسِ الْمُسْلِمِيْنَ بِمَا تُنَاسِبُ حَالَهُمْ الْآنَ لِتَنْبِيْهِ غَافِلِهِمْ وَتَعْلِيْمِ جَاهِلِهِمْ وَكَبْتِ خَامِلِهِمْ وَتَنْشِيْطِ عَامِلِهِمْ.

ئۇنىڭ مەقسىتى-مۇسۇلمانلارنىڭ هازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇناسىپ هالدا ئۇلارنىڭ ئەددىيەۋىي تەسىراتىنى يېڭىلاش ئۈچۈن غەپلەتتە ياتقانلارنى ئويغىتىش، ساۋاتسىزلارنى ئاقارتىش، پاسسىپلارنى هەرىكەتلەندۈرۈش، ئاكتىپلارنى ئىلھاملاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئابدۇللا ئۆزىنىڭ پىشقان قەلىمى ئارقىلىق مول بىلىمى ۋە ئۆتكۈر قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر ماقالە يېزىپ بەرسە... دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ مىسالدا ئاستى سىزىلغان سەۋەب رەۋىشلىرى ئىش-هەرىكەت ئىگىسى «ئابدۇللا»دىن بۇرۇن تەرجىمە قىلىندى.

بۇ خىل تەرجىمە سەنئىتىنى يۇقىرىقىدەك سەۋەب رەۋىشلىرى بەك ئۇزۇن بولۇپ، خەۋەرنىڭ ئىگىگە باغلىنىشچانلىقى چۈشىنىكسىز بولۇپ قالغان ئەھۋالدا قوللىنىشقا بولىدۇ.

## 10-ئېنىقلىغۇچىنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

ئادەتتە ئىگە-خەۋەرلەر ئۈچۈن ئېنىقلىغۇچىلار بولغاندەك تولدۇرغۇچىلار ئۈچۈنمۇ ئېنىقلىغۇچىلار بولىدۇ. بۇلارنىڭ پەرقى شۇكى، ئىگىنى ئېنىقلاپ كەلگەنلەرنى «ئېنىقلىغۇچى» دېيىلىدۇ. خەۋەرنى ئېنىقلاپ كەلگەنلەرنى هالەت-رەۋىش دېيىلىدۇ. تولۇقلىغۇچىنى ئېنىقلاپ كەلگەنلەرنى تولدۇرغۇچى دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: ﴿وَوَضَعْنَا عَنْكَ *وِزْرَكَ الَّذِى أَنْقَضَ ظَهْرَكَ﴾ «سېنىڭ بىلىڭنى ئېگىۋەتكەن# ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن* ئېلىپ تاشلىدۇق.»

«*» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن سۆزلەر خەۋەرنى ئېنىقلايدۇ. «#» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلگەن سۆزلەر تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلايدۇ.

ئېنىقلىغۇچى ئادەتتە نېمىنىڭ؟ كىمنىڭ؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. ئەسلى تىلدىكى جۈملە بۆلەكلىرىنى تەرجىمە تىلىغا ئاغدۇرغاندا هەر قايسى بۆلەكلەرنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇشقا، كىرىشتۈرۈپ ئىخچاملاشقا، مۇھىم بولمىغان بىر قىسىم تەركىبلەرنى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ.

ئەمما بۇنداق شارائىتتا تەرجىمان ئەسلى تىلدا ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي نۇقسانسىز، تولۇق ئىپادىلەشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

— داۋامى كېيىنكى ساندا...




چىلىم «شىشە» دېگەن نامى بىلەن كۆپ دۆلەتلەردە تونۇشلۇق ۋە ياشلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ جەمئىيەتنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان چېكىملىك. چېكىملىك بولغاندىمۇ، ئەسلىدىلا بار بولغان تاماكىنىڭ يېتەرلىك زىيىنىغا زىيان قوشۇپ، ئاپەت تېرىغۇچى كېسەللەرنى ئاۋۇتۇشقا يېقىندىن ياردەمدە بولىدىغان چېكىملىك. ئەمدىلىكتە بىزگىمۇ سىڭىپ كىرىپ، بۇلغىنىۋاتقان جەمئىيەتنى تېخىمۇ بۇلغاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان چېكىملىك.

بۇ يازما گاڭگىراۋاتقان ۋە ھەممىنى سىناپ بېقىشقا قىزىقىۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلىرىمىزنى زىيانىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە «ھالال» دەپ كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇۋاتقانلارغا ھارامنى تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن يېزىلدى. بىر زىيانلىق چېكىملىكنىڭ قېرىنداش مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارالماسلىقى ئۈچۈن لېكسىيەسىدىن پايدىلىنىشىمغا قوشۇلغان پىروفېسسور دوكتور نەبىللاغا چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن.

چىلىم ھەققىدە چۈشەنچە:

چىلىم سۇ بىلەن سۈزگۈچ ۋە ۋاسىتىلىك ئىسسىتقۇچ قۇرۇلمىلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئادەتتە دورا ئۆسۈملۈكلىرى، قۇرۇق مېۋە، كۆك تاماكا، نەشە قاتارلىق ئەشيالار بىلەن ياسىلىدۇ. چىلىم ئەسلى تۇنجى بولۇپ ھىندىستاندا ياسالغان، ۋە تاماكىنى سۇدا سۈزۈپ «پاكىزلاپ» ئاندىن چېكىدىغان ئۇسۇل دەپ قارالغان. بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا شەرققە تارقالغان.

ئەسلىدە بەزىبىر مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى دەپ قارالغان چىلىم ھازىر ئامېرىكا، كانادا، ئاۋسترالىيە ۋە مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ قارشى ئېلىنىشقا باشلاپ، ئاشخانىلارغا، قەھۋەخانىلارغا، ھەتتا ئۆي-ئۆيلەرگە سىڭىپ كىرمەكتە. ئاتا-ئانىلار چىلىمنىڭ خۇمار قىلىدىغىنىدىن، ۋە شۇنداقلا زىيىنىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، بالىلارنىڭ چېكىشىگە يول قويماقتا.

تاماكا-ھارام

تاماكا ئادەمنى خۇمار قىلىدىغانلىقى، ئىقتىسادنى خورىتىدىغانلىقى، ئادەم بەدىنىنى ئاستا خاراكتېردە زەھەرلەيدىغانلىقى ۋە شۇنىڭدەك تۈرلۈك زىيانلىرى ئۈچۈن يۈسۈف قەرداۋى قاتارلىق ئىسلام ئالىملىرى تاماكىغا ھارام دەپ پەتىۋا بەرگەن، بۇ پەتىۋالارنىڭ بىرى شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئەل ئىشنىڭ مۇشۇ

uyghurkitap.com



توغرىسىدىكى مەخسۇس يازمىسى بولۇپ، تاماكىنىڭ هاراملىقىنى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىغان.[1]

بىر كىشى يۈسۈف قەرداۋىدىن سورىدى:

ـ تاماكا هاراممۇ؟

يۈسۈف قەرداۋى قايتۇرۇپ سورىدى:

ـ سىنىڭچىچۇ؟

ـ مېنىڭچە مەكرۇھ. (نۇرغۇن مۇسۇلمانلار تاماكىنى مەكرۇھ دېيىشىپ چېكىشەتتى)

ـ بىر كۈندە قانچە تال تاماكا چېكىسەن؟

ـ ئون تال.

يۈسۈف قەرداۋى ئېيتتىكى:

ـ بىر كۈندە ئون تال چېكىسەن، رامىزاندا چەكمىدىڭ دېگەندىمۇ، بىر يىلدا ئۈچ مىڭ تال چېكىدىكەنسەن، سىنىڭچە ئۈچ مىڭ مەكرۇھ بىر هارامغا تەڭ بولالماسمۇ؟

مەكرۇھ دەۋاتقانلارغا مېنىڭچە مۇشۇ سۆھبەت كۇپايە قىلىدۇ.

چىلىم ۋە تاماكا:

تاماكىنىڭ هاراملىقىغا ئىشەنگەن هەربىر مۇسۇلمان چىلىمنىڭ هاراملىقىغا شۈبھىسىز ئىشىنىشى كېرەك، چۈنكى تاماكا بىلەن چىلىمنى سېلىشتۇرغاندا چىلىم تېخىمۇ بەكرەك زىيانلىق. بىر قېتىم چىلىم چەككەنلىك 20 دانە تاماكا چەككەنگە باراۋەر،[2] چىلىمنىڭ زىيان نىسبىتى تاماكىنىڭ 400 ـ 450 هەسسىسىگە، كاربون چالا ئۆكسىد مىقدارى تاماكىنىڭ 4 ـ 5 هەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. تاماكىنىڭ ئۆپكە ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىدىغىنى شۈبھىسىز، ئەمما چىلىمنىڭ ئۆپكە ئىقتىدارىغا بولغان تەسىرى تاماكىدىن 25پىرسەنت يۇقىرى. بىر سائەت چەككەن چىلىمدىن 400 تالدىن 500 تالغىچە تاماكا چەككەندە چىققان ئىسچىلىك ئىس ـ تۈتەك چىقىدۇ. چىلىمدىكى نىكوتىن مىقدارىمۇ تاماكىدىن 70 پىرسەنت يۇقىرى.

تاماكىنى كۆپ چەككەن ئادەمنىڭ ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يۇقىرى ئىكەنلىكى هەممىگە ئايان، ئەمما چىلىم چەككەن ئادەمنىڭ ئۆپكە راكىلا ئەمەس، كاناي راكى، ئېغىز بوشلۇقى راكى، سۈيدۈك خالتىسى راكى قاتارلىقلارغا ئاسان گىرىپتار بولىدىغانلىقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە ئىسپاتلاندى. هامىلدار ئاياللار چىلىم چەكسە هامىلىنىڭ بالدۇر تۇغۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، چىلىم يەنە ئىسپېرما سانىنى تۆۋەنلىتىپ ئەرلەردىكى بالىلىق بولالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.[3][4]

چىلىمدىكى كاربون چالا ئۆكسىد ئادەم مېڭىسىنىڭ زىيانلىشى بولۇپ، هوشسىزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە هېچقانداق تاماكا چەكمەيدىغانلارنىڭ قېنىدا كاربون چالا ئۆكسىدنىڭ مىقدارى 1 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولىدۇ، ئىككىلەمچى تاماكا چەككۈچىلەر (يەنى ئۆزى چەكمەيدىغان، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تاماكا ئىسىنى تولا سۈمۈرىدىغانلار) نىڭ قېنىدا 2 ـ 4 پىرسەنتكىچە، تولا تاماكا چېكىدىغانلاردا 5 ـ 7 پىرسەنتكىچە، چىلىم چېكىدىغانلاردا بولسا 8 ـ 12 پىرسەنتكىچە بولىدۇ.

چىلىمنىڭ تەركىبى ۋە زىيىنى:

1. نىكوتىن: نىكوتىن خۇمار قىلىدۇ، ئەگەر كۆپ ئىستېمال قىلىنسا يۈرەك رىتىمىنى ئاستىلاشتۇرۇپ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە مېڭە ۋە نېرۋا تالالىرىغا يىغىلىۋېلىپ، هەرتۈرلۈك كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قان تومۇر كېسەللىكلىرى، كاناي ياللۇغى ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەبچىسى بولغان نىكوتىننىڭ چىلىمدىكى مىقدارىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

2. كوكۇس مېيى: كوكۇس مېيى قارا، تۇتۇق رەڭلىك، مايسىمان ماتېرىيال بولۇپ، ياغاچ، تاشكۆمۈر ياكى كۆك تاماكىلارنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبلىرى ئۆپكە ۋە نەپەسلىنىش سىستېمىسىدىكى هۈجەيرىلەرگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۆپكە راكى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تەتقىقاتلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، چىلىم چەككەنلەرنىڭ ئۆپكە راكى بولۇش نىسبىتى چەكمىگەنلەرگە قارىغاندا 5 هەسسە يۇقىرى ئىكەن.

3. ئېغىر مېتاللار: مەسلەن ئارسىن، كوبالىت، خىروم ۋە قوغۇشۇن قاتارلىقلار ئادەم بەدىنىگە تولىمۇ زىيانلىق بولۇپ، چىلىمنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. قوغۇشۇن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، چىلىمنىڭ چېكىش ئېغىزىنى ھەممە ئادەم ئورتاق ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن تۇبېركۇليۇز [5] ۋە س تىپلىق جىگەر ياللۇغى [6] قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

بىر تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، چىلىم مىقدارى بىلەن گېن ئۆزگىرىشىنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولۇپ، چىلىمنى كۆپ چەككۈچىلەردە خىروموسوما غەيرىيلىكى كۆپ كۆرۈلىدىكەن.[7]

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[1]

ھەقىقەتەنمۇ مېھرىبان ئاللاھ بىزنىڭ يېيىشىمىز، ئىچىشىمىز، ئىشلىتىشىمىز ئۈچۈن تالاي پاكىز نەرسىلەرنى ياراتتى، بىزگە رىزىق بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەپسىنى ھارامدىن يىغمىغان كىشى ئۆز بەدىنىگە، ئۆز دىنىغا ئاسىي بولىدۇ. يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ تۇرمۇشىمىزنى رەڭدارلاشتۇرمساقمۇ، بىزدە ھەممە يېتەرلىك. بىز تېخى كەيپ - ساپا سۈرگىدەك بېيىپ، ئىلىم ۋە ئىقتىسادتا تەرەققىي قىلىپ كەتمىدۇق.

ۋەتىنىمىزدە ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرى سانى جەھەتتە ئەتراپىتىكى باشقا ئەللەرگە قارىغاندا خىلى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. پۈتمەس - تۈگىمەس ئەلەملىرىمىزگە ئاپەت قوشۇپ ئىناق، بەختلىك ئائىلىلەرنى خانىۋەيران قىلىۋاتقان خېروئىننىڭ دەردىمۇ بىزگە يېتىپ ئاشاتتى. ئەركەكلىرىمىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ كوچا - كوچىلاردا ئادىمىيلىكنى يۈتتۈرگۈزگەن ھاراق ئاپىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتقاندا ئەمدىلىكتە ئاجىزلىشىشنىڭ، خارابلىقنىڭ يەنە بىر مەنبەسى بولغان چىلىمنىڭ ئۈستەللىرىمىزگىچە

1 (سۈرە نىسا، 29 - ئايەت)

بۆسۆپ كىرگىنىدىن تولىمۇ ئېچىندىم. سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمنىڭ، بەرنا يىگىت، مەلىكە سۈپەت قىزلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ۋەيران قىلىشىغا، گۈلدەك چىرايلىرىنىڭ ۋاقىتسىز سولۇپ، سەرۋىدەك قامەتلىرىنىڭ مەزگىلسىز ئېگىلىشىگە قاراپ تۇرالمايمەن. ئۆز خەلقىنىڭ غېمىنى يېمىگەن پەرزەنت، ئۆگەنگىنىنى ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئىشلەتمىگەن ئەۋلاد يارامسىز دەپ ئاتىلىشقا لايىق. مەن يارامسىز ئاتىلىشنى خالىمايمەن... [2]

2 ستاتا مەنبەلىرى:


1) تاماكا ھەققىدە پەتىۋا، شەيخ مۇھەممەد بىن ئىبراھىم ئەل ئىش، ئابدۇرراھمان بىن ناسىر ئەسسادى، ئابدۇلئەزىز بىن ئابدۇللا بىن باز، (2000) نەزەر نەشرىياتى، بىرىنچى نەشرى.

2) جىددىي ۋە ئەجەللىك يۈزلىنىش: چىلىم تاماكىسىنىڭ قوللىنىلىشى، ۋاشىنگتون، ئامېرىكا ئۆپكە بىرلەشمىسى، 2007.

3) ئاكل ئى ئا، گاددام س، گۇنۇكۇلا س ك، خونىين ر، جائود پ ئا، ئىرانى ج، چىلىم چېكىشنىڭ سالامەتلىككە بولغان تەسىرى، سىستېمىلىق ئوبزور، خەلقئارالىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ژۇرنىلى، 2010 - يىلى، 39 - سان، 834 - بەتتىن 857 - بەتكىچە.

4) كوب س ئو، ۋارد ك د، مازىياك ۋ، شىھادە ئا ل، ئىسنبىرگ ت، چىلىم تاماكىسىنىڭ چېكىلىشى ئامېرىكىدىكى جىددىي ساغلاملىق كىرىزىسىدۇر، ئامېرىكا ساغلاملىق قىلمىشلىرى ژۇرنىلى، 2010 - يىلى 34 - قىسىم، 3 - سان، 275 - 285 - بەتكىچە

5) شادى ئا. خ. ئا، غاربىيە ئۆلكىسىدىكى ئۆپكە تۇبېركۇليۇز بىلەن يۇقۇملىنىش مەنبەسىنى ئېنىقلاشتىكى بىر قورال - مىكروسكوپ ئاستىدىكى بەلغەم، دىسسېرتاتسىيە، تانتا ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا فاكۇلتېتى.

6) مۇنكوف ۋج، كونستانىنس ئا، ۋەمسلىي م، مورتلوك م، گىپلىن س، نەشە چىلىمنى قوللىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇبېركۇليۇز باكتېرىيەسى تۈپى، خەلقئارالىق تۇبېركۇليۇز ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرى ژۇرنىلى، 2003 - يىلى 7 - قىسىم، 9 - سان، 860 - بەتتىن 865 - بەتكىچە.

7) ياداۋ ج س، تاكۇر س. چىلىم چەككۈچىلەرنىڭ گېنىدا يۈز بېرىدىغان خەتەرنى مۆلچەرلەش، ھۈجەيرە بىئولوگىيەسى، 2000 - يىلى، 101 - قىسىم، 397 - سان، 101 - بەتتىن 113 - بەتكىچە.

www.uyghurkitap.com

# نېئمەتنى سۆزلەش كۆز-كۆز قىلىش دېگەنلىك ئەمەس

زەينەپ ۋەلى دىلبەرقى

نېئمەتكە شۈكۈر قىلىش مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. قەلبىدىن ئېتىراپ قىلىش
2. تىلى بىلەن سۆزلەش
3. ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئىشلىتىش

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېئمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن)»[1]

ئايەتنى توغرا چۈشەنمىگەندە خاتا تەتبىقلاش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئايەتتىكى «نېئمەتنى سۆزلەش» ھەرگىزمۇ نېئمەتتىن پەخىرلىنىش، ئۆزىدە بولغان ئارتۇقچىلىق ـ ئىمتىيازلاردىن مەغرۇرلىنىشنى، ياكى باشقىلاردا بولمىغان ئۆزىدە بولغان ماددىي ـ مەنىۋى نېئمەتلەرنى كۆز ـ كۆز قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇنداقلا بىر قېرىندىشى مۇسىبەت، قايغۇ ـ ھەسرەت، يوقىتىشلىرىنى سۆزلەۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ئېرىشكەنلىرىنى، شادلىق ـ خۇشاللىقلىرىنى سۆزلەشنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ، بۇ ئىنساننىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرىغىچە كۆڭۈل بۆلىدىغان گۈزەل دىنىمىزنىڭ چاقىرىقىغا زىت بولغان كىشىگە ھۇزۇرسىزلىق، ناخۇشلۇق بېرىدىغان قىلمىشتۇر! قارشى تەرەپكە دىلكەش بولمايلا قالماي، تۇيغۇلىرىغا رەھىمسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىك قىلىشتۇر! ئۇنىڭ بەندىلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتۇر!

كېسەللەر ئالدىدا تېمەنلىكىدىن، مېيىپلار ئالدىدا بېجىرىملىقىدىن، ھېكمەت تەقەززاسى بىلەن جۈپتى ھالاللىرى بىلەن سىنىلىپ قالغانلار ئالدىدا ئۆز جۈپتلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق، مېھرىبانلىق، ساخاۋەتلىرىدىن سۆزلەش، پەرزەنتسىزلەر ئالدىدا باللىرىنىڭ شېرىنلىكىدىن سۆزلەش قاتارلىقلار ھەرگىزمۇ ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە مىسلىسىز ئېسىل مۇئامىلە زوقىغا چاقىرىق قىلىدىغان قۇرئاننىڭ ھۆكۈمىدىكى نېئمەتنى سۆزلەش ئەمەستۇر! بىر ئايەتنى ئۆزۈچىلا ئىلىپ تەھلىل قىلغاندا تەتبىقلاشتا خاتالىق يۈز بېرىدۇ، ئەسلى مۇددىئا گۈزەل مەقسەتتىن بۇرۇلۇپ كېتىدۇ، ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ قورالىغا، خاتا

[1] سۇرە دۇھا 11 ـ ئايەت

ئۇقۇملارنى ئاقلىغۇچى ۋاستىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇ ئايەتنى ئالدىدىكى ئايەتلەر بىلەن قوشۇپ، نازىل بولۇش سەۋەبلىرى، كەسىپ ئەھلى مۆھتەرەم تەپسىرچىلەرنىڭ تەھلىل ـ شەرھلىرى بىلەن چۈشەنگەندە، ئاندىن توغرا تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. بۇ ئايەتتىكى «نېئمەت»نى قۇرئان دەپمۇ، پەيغەمبەرلىك دەپمۇ چۈشەندۈرگەنلەر بار. ھەممىدە بارچە ئومۇمىي نېئمەت دەپ شەرھلىگەنلەرمۇ بار. بۇ يەردىكى خىتاب رەسۇلۇللاھقا خاس بولۇپ خۇسۇسىي ھۆكۈمدۇر. ھەممىگە ئوخشاشتۇر.

ھەدىسلەردە بايان قىلىنغاندەك، ئاللاھ ئۆزى ئاتا قىلغان نېئمەتنىڭ ئىزناسىنى بەندىسىدە ئىسراپ قىلىنمىغان، ھەددىدىن ئاشۇرۇلمىغان ھالدا كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ بەندىگە ئاتا قىلغان بارچە نېئمەتلەرنى رىيا قىلماستىن، كۆز ـ كۆز قىلماستىن، ئۆزىنى باشقىلاردىن ياخشى، ئىززەتلىك ساناپ پەخىرلەنمەستىن، چوڭچىلىق قىلىپ مەغرۇرلانماستىن، كىبىر ـ ھاكاۋۇرلۇقتىن قەلبنى پاك قىلغان ھالدا نېئمەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا، قالتىسلىقىغا ياكى ئىلىم ـ ئىمتىيازىغا باغلىماستىن، پەقەت نېئمەتنى بەرگۈچى ئاللاھقا تەۋە قىلىپ تۇرۇپ، كەمتەرلىك ۋە شۈكۈرچانلىق بىلەن باشقىلارغا ئىلھام ۋە يېتەكچى بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ، ھەم باشقىلارغىمۇ شۈكۈر قىلىشنى ئۆگىتىش، نېئمەتلەرنى ئەسلىتىش مەقسىتىدە سۆزلىگەندە بۇ ئايەت كەرىمىنىڭ تەشەببۇسىغا ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن.

رەسۇلۇللاھنىڭ ئىلىم ـ ئۆگۈتلىرىدىن بىرى ھەممىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قويۇش، مۇسىبەتتىكىلەر ئۆزىدىنمۇ ئېغىر مۇسىبەتتىكىلەرنى ئويلاش، ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەرگە قاراش بىلەن قانائەت ـ شۈكۈرلەردە بولماقتۇر. نېئمەتلەرنى سۆزلەيدىغان ئاۋام، ماقام بار، نېئمەتنى سۆزلەشنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك شەرتلىرى ھەم بار. نېئمەت پەقەت ئېغىزدىلا سۆزلەش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئاللاھ يولىدا ئىشلەتمەكتۇر. بۇ ئايەتتىكى «نېئمەتنى سۆزلەش»تىن ئومۇمىي نېئمەتلەر كۆزدە تۇتۇلغاندا، ئالىملارنىڭ ئىككى قارىشىغا ئاساسەن، ياخشى كۆرۈلىدىغان ياكى مۇباھ ئىش بولۇپ، چوقۇم سۆزلىمىسە جازالىنىدىغان پەرز ئەمەس. سۈكۈت قىلىدىغان ئورۇندا سۈكۈت قىلىش، سۆزلەيدىغان ئورۇندا سۆزلەش، خاھىش ـ نەپسىمىزگە يېقىننى ئەمەس ئىخلاسمەنلىككە ئەڭ يېقىننى قىلىش قەلبنىڭ پاكلىقىغا يېقىن. شەرتلىرى ھازىر بولغان، ئىمانى پاك ھالدا نېئمەتنى سۆزلىگەنلەرگە «كۆز ـ كۆز قىلدى» دېگەندەك ئويلاردا بولماستىن، ياخشى گۇمانلاردا بولۇشىمىز لازىم.

نېئمەت دېگەن مال ـ دۇنيا، كىيىم ـ كېچەك، ئەر ـ خوتۇن، بالا ـ چاقا قاتارلىق ماددىي نېئمەتلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئاللاھنىڭ بەرگەن سىناقلىرى ۋە شۇ سىناقلارغا تۇتقان رازىمەنلىك ھالىتىڭنىڭ ئۆزىمۇ نېئمەتتۇر. ساڭا ئاتا قىلىنغان كەڭ قورساقلىقنىڭ ئۆزى نېئمەتتۇر. كېچىلەردە ئوقۇلغان نامازلىرىڭ ھەم نېئمەتتۇر. ھەممىنى ئۆز ئورنىغا قويۇشنى بىلگەن باشقىلارنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىشتىن، ئەزىيەت يەتكۈزۈشلەردىن يىراق بولۇشنى ئىزدىشىڭنىڭ ئۆزى نېئمەتتۇر. گۈزەل ئەخلاقمۇ نېئمەتتۇر، ۋە يەنە رىزىقتۇر. ئاللاھ خالىغان بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ.

ئەي مېھرىبان رەببىمىز! رەسۇلىمىزنىڭ ئەخلاقىنى تەرىپلىگەن كەرەملىك ئاللاھ! بىزنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ئەخلاقتىن رىزىقلاندۇرغايلا! بىلىپ بىلمەي قېرىنداشلىرىمىزغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن يىراق قىلغايلا! ئۆزلىرى بەرگەن نېئمەتلەرنى قەدرىنى قىلالماسلىقتىن، لايىقىدا شۈكرانىسىنى قىلالماسلىقتىن ساقلىغايلا! نېئمەت ۋە رىزىق قورسىقنى ئەسكەن ھاكاۋۇر كىشىلەردىن قىلمىغايلا! (ئامىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# خانە كەئبە دەرۋازىسىغا ئىسمى يېزىلغان ئۇيغۇر

مۇھەممەد يۈسۈپ

ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيۈش ۋە خانە كەئبىنىڭ بوسۇغىسىغا ئېسىلىپ ئاللاھقا يىلىنىش ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن خانە كەئبىگە كەلگەن ھاجىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيى. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇقەددەس قىبلىسى بولغان خانە كەئبىنىڭ ئىشىكىگە دىققەت بىلەن قارىغان كىشىنىڭ كۆزىگە «ئابدۇرېھىم ئەمىن» دېگەن بىر ئىسىم چېلىقىدۇ. بۇ دەل مەزكۇر تېمىمىزدا تونۇشتۇرماقچى بولغان پەخىرلىك ئۇيغۇر خەتتاتىمىزنىڭ مۇبارەك نامىدۇر.

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ھەرزامان تەلپۈنۈپ ياشايدىغان، ناماز ھەم دۇئالىرىدا يۈزلىنىدىغان مۇقەددەس قىبلەنىڭ ئالتۇن ئىشىكىگە نامى يېزىلىش شەرىپى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە بىر ئىش ئەمەس.

ئابدۇرېھىم ئەمىن ۋەتىنىمىزنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1925 ـ يىلى قاغىلىقتىن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كېلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرە «يېتىم ـ يېسىرلار مەكتىپى»دە ئوقۇغان.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق مۇھەممەد قاسىم ھاجىم مۇنداق دەيدۇ: «خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن 1938 ـ يىلى مەدىنىدىن مەككىگە كېلىپ يەرلەشكەن ۋە شۇ يەردىكى بىر ئۇستامدىن تىككۈچىلىك ئۆگەنگەنىكەن. بىز 1950 ـ يىللىرى مەككىگە كەلگىنىمىزدە، مەككىنىڭ قەدىمىي كوچىلىرىدىن بىرى بولغان «بۇخارى كوچىسى»دا بىر قانچە ئۇيغۇرنىڭ دۇكىنى بار بولۇپ، ئابدۇرېھىم ئەمىنمۇ شۇ كوچىدا تىككۈچىلىك قىلاتتىكەن. ئارىدىن 10 ـ 15 يىللار ئۆتكەندىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى مىسىر رەئىسى جامال ئابدۇنناسىرنىڭ ئارىسى بۇزۇلغاچقا، سەئۇدى تەرەپ تارىختىن بېرى مىسىردىن كېلىۋاتقان خانە كەئبىنىڭ يوپۇقىنى مەككىنىڭ ئۆزىدە توقۇشنى قارار قىلغان ۋە 1962 ـ يىلى مەككە بىلەن جىددە ئارىلىقىدىكى كونا يولدا مەخسۇس «خانە كەئبە يوپۇقى توقۇش فابرىكىسى»نى قۇرۇپ چىققان. ئابدۇرېھىم ئەمىن ئەينى دەۋردە سەئۇدى ئەرەبىستان تەۋەسىدە تونۇلغان يېتۈك خەتتات بولغاچقا، مەزكۇر فابرىكىدا يوپۇق خېتىنى يېزىشقا تەيىنلەنگەن. مەشھۇر خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن خانە كەئبىنىڭ يوپۇقىنى تېكىش ۋە خەت كەشتىلەشتىن سىرت، خانە كەئبىنىڭ 280 كىلوگرام ساپ ئالتۇن بىلەن ياسالغان ئىشىكىدىكى

هۆسنخەتلەرنىمۇ ئۆز قولى بىلەن ئۆيۈپ چىققان.

ئۇنىڭ خىزمەتتىكى تولىمۇ ئەستايىدىل، تىرىشچانلىقى، بولۇپمۇ بۇ ئۇلۇغۋار خىزمەتكە نىسبەتەن ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان غايەت دەرىجىدىكى ئىخلاسى ۋە مۇھەببىتى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە، ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، مەزكۇر فابرىكىنىڭ مەسئۇللىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.»

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى»دا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇستاز رەھمەتۇللا ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجى 1980-يىللاردا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سابىق رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەندە ئۆز ئارا سۆھبەتتە بولۇشقان ۋە ئۆزىنىڭ قاغىلىقتىن كېلىش جەريانى ۋە بىر قىسىم سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن.

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەخرىلىك ئوغلانى، خەتتات ئابدۇرېھىم ئەمىن ھاجىم 1993-يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئىككى پەرزەنتى ھازىر مەككە مۇكەررەمەدە ھاجىمىدىن قالغان چوڭ ئۆيدە ياشاۋېتىپتۇ.

قوشۇمچە:

خانە كەئبىنىڭ يوپۇقى

بەزى تارىخىي مەنبەلەردە خانە كەئبىگە تۇنجى بولۇپ يوپۇق ياپقان كىشىنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىنسا، يەنە بەزى مەنبەلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئەدنان دېگەن كىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپ خانە كەئبىگە يوپۇق ياپقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بىر قەدەر ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە قارىغاندا خانە كەئبىگە مىلادىيە 350-يىلى تۇببە ئەبۇ كەرەب دېگەن كىشىنىڭ تۇنجى بولۇپ يوپۇق ياپقانلىقى ۋە شۇنىڭدىن بىرى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىنگەنلىكى مەلۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 5-بوۋىسى قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ زامانىغا كەلگەندە، خانە كەئبىگە ھەر يىلى بىر قېتىم يوپۇق يېپىش مۇراسىمى يولغا قويۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن خانە كەئبىگە يەمەندە توقۇلغان يوپۇق يېپىلغان. بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەرنىڭ زامانىغا كەلگەندە، خانە كەئبىگە ياپىدىغان يوپۇقنى مىسىردا توقۇتۇپ كېلىشكە باشلىغان. مىسىر شۇ زاماندىن تاكى 1962-يىلىغىچە ھەر يىلى خانە كەئبىگە يوپۇق يېپىش شەرىپىگە نائىل بولۇپ كەلگەن ئىدى. 1962-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا مەخسۇس «خانە كەئبە يوپۇقى توقۇش فابرىكىسى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، خانە كەئبىگە يوپۇق يېپىش شەرىپى سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. خانە كەئبىنىڭ يوپۇقى يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. خانە كەئبىنىڭ ئالماشتۇرۇلغان كونا يوپۇقى پارچىلىنىپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرگە ھەدىيە قىلىنىدۇ. ھەر يىلى ھىجرىيە زۇلھەججە (12-ئاي)نىڭ 1-كۈنى مەككە مۇكەررەمە ئەمىرىنىڭ باشچىلىقىدا خانە كەئبىگە يوپۇق يېپىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. خانە كەئبە يوپۇقىنىڭ خىراجىتى بۇرۇندىنلا مىسىر ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى خانە كەئبە ئۈچۈن ئاتالغان مەخسۇس ۋەقپىتىن قىلىناتتى. ئۆز ۋاقتىدا پادىشاھ ئىسمائىل قەلاۋۇن مىسىردىن ئۈچ يېزىنى سېتىۋېلىپ، شۇ جايلارنىڭ پۇتۇن كىرىمىنى خانە كەئبىنىڭ يوپۇقى ئۈچۈن ۋەقپ قىلغان. كېيىنچە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ سۇلتانى سەلىم يەنە يەتتە يېزىنى سېتىۋېلىپ مەزكۇر ۋەقپكە قوشقان.

مۇھەممەد ئەلى پاشا دەۋرىگە كەلگەندە مىسىر ھۆكۈمىتى مەخسۇس خانە كەئبىنىڭ يوپۇقى ئۈچۈن بىر ئورگان تەسىس قىلغان بولۇپ، شۇندىن بېرى خانە كەئبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش ۋە ئەۋەتىش ئىشلىرى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ


www.uyghurkitap.com

باشقۇرۇشقا ئۆتكەن.

خانە كەئبىنىڭ يوپۇقىنى توقۇش فابرىكىسى

1962-يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە «خانە كەئبە يوپۇقى توقۇش فابرىكىسى» قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇنجى قېتىم توقۇپ چىقىلغان يوپۇق ئالاھىدە ئېسىل ۋە كۆركەم بولۇپ چىققان. فابرىكىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 240 نەپەر بولۇپ، خانە كەئبە يوپۇقىنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن خادىملارنىڭ مائاشى ۋە مۇناسىۋەتلىك چىقىملار بولۇپ يىلىغا 17 مىليون رىيال (4.5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) سەرپ قىلىنىدۇ.

خانە كەئبىگە يوپۇق يېپىش پائالىيىتى باشلانغان ئۇزاق تارىختىن بېرى يوپۇقلار تەييارلىغۇچىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى ۋە قول سېلىپ ئىشلىشى بىلەن، شۇ دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ھەرخىل شەكىل، ھەرخىل رەڭ ۋە ھەرخىل ماتېرىياللاردا توقۇلۇپ كەلگەن. پەقەت ئاباسىيلار خەلىپىسى ناسىرنىڭ زامانىغا كەلگەندە، يوپۇقنى قارا رەڭلىك يىپەكتىن توقۇش قانۇنلاشتۇرۇلغان. شۇندىن بېرى قارا رەڭلىك يىپەكتىن توقۇلۇپ كېلىنمەكتە.



(سۈرەتتە خانە كەئبە يوپۇقىدىن بىر پارچە)

## دۇئا كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ

دۇئا كۆڭۈلسىزلىكلەرنى چىكىندۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش ۋە ئارزۇ-ئارمانلارغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان دۇئالارنى قىلىش ياكى دۇئانىڭ تەركىبىدە نالايىق سۆزلەر (ھەددىدىن ئېشىش مەزمۇنىدىكى سۆزلەر)نىڭ بولۇشى، دۇئا قىلغۇچىنىڭ قەلبىدىكى ئاجىزلىق، ئاللاھقا پۈتۈنلەي يۈزلەنمەسلىك، دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئاللاھقا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى دۇئا ئىجابەت بولماي قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. بۇ، خۇددى كىرىچى بوش تارتىلغان ياچاققا ئوخشايدۇ. بۇنداق ياچاقتىن ئوق شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقالمايدۇ. دۇئا قىلغۇچىنىڭ ھارام يېيىشى، قەلبلىرىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ قاپلاپ كېتىشى، غەپلەتكە چۆمۈپ كېتىش، شەھۋەتكە بېرىلىپ كېتىش، ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ كېتىش... قاتارلىق سەۋەبلەرمۇ دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ئىجابەتكە ئىشەنگەن ھالدا دۇئا قىلىڭلار».[1]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئازغىنا تۇز تائامغا يېتىشقاندەك، ياخشىلىققا ياندىشىپ كەلگەن دۇئالارمۇ ئىجابەت بولىدۇ».

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇئا مۇئمىننىڭ قورالى، دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، ئاسمان-زېمىننىڭ نۇرى».

**«الجواب الكافى»**دىن ئېلىندى



# قانداق قىلغاندا پەرزەنتلەردە كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

ئۆزلەشتۈرگۈچى : ئابدۇلئەھەد ئۇجات

پەرزەنتلەرنىڭ مەلۇم شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىش ۋە رىغبەتلىرىگىمۇ شۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە تەربىيىلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بىر ھەقىقەت. ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر بۇ تەرەپلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ.

بىز ئالدىراش كىشىلەر توپىغا قاراپ ئۇلارنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى، نېمىلەرنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئانچە بىلىپ بولالمايمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ بىكار ۋاقىتلىرىدا ياكى بىراۋلارنى ساقلاپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتلىرىدا قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ نېمىگە ئەڭ بەك قىزىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى يەكۈن ئاساسەن توغرا چىقىدۇ.

مېنىڭچە كىشىلەرنىڭ خەلقئارا ئايرودروملاردا ئايروپىلان ئالمىشىش جەريانىدىكى تۆت-بەش سائەتلىك ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ نېمىگە بەكرەك قىزىقىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلساق ئاساسەن خاتالاشمايمىز.

مەن بىر قانچە قېتىم خەلقئارالىق ئايرودرومدا ئايروپىلانغا ساقلاۋېتىپ باشقىلارغا دىققەت قىلىپ قالدىم. ياۋروپالىقلارنىڭ يېنىدا كىتاب ياكى قول كومپيۇتېرى بولىدىكەن. ئۇلار زېرىكىشلىك ۋە ئىچ سىقىلىش بىلەن ئۆتىدىغان بوش ۋاقىتلىرىنى كىتاب ئوقۇش ياكى قول كومپيۇتېرىدا بىر ئىش ئارقىلىق ئۆتكۈزىدىكەن. ئەمما تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتىكىلەر بولسا، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئۇخلاش، چاي-قەھۋە ئىچىش، ئالدىدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەرگىزمۇ ئىرسىي پەرق بولماستىن، بەلكى تەربىيىلىنىش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئوخشىماسلىقلاردىن كېلىپ چىققان پەرقتۇر.

باللاردا كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ياكى كىتابخۇمارلىق روھىي يېتىلدۈرۈشنىڭ ئوخشىمىغان ھەر خىل ئۇسۇللىرى بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر قانچە تۈرىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1. ئائىلىدە قويۇق ئىلمىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش

باللار ئالتە ياشقا كىرگۈچە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ئاساسەن تۇراقلىشىپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن باللاردا قىزغىنلىق يېتىلدۈرۈشتە ئاتا-ئانىلارنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئاتا-ئانىلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە باللارنىڭ ئالدىدىكى ئىمكانىيەتلىرىدىن بىرىنى تاللاپ بېرىدۇ. ناۋادا ئاتا-ئانىلا كىتاب ئوقۇشنى، ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئائىلىلەردە كۆپرەك ئۆگىنىش ياكى كىتاب ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بولسا، باللاردا تەبىئىي ھالدا مۇشۇ تەرەپلەرگە بولغان قىزىقىش كۈچىيىدۇ. ناۋادا ئاتا-ئانىلار بىكار ۋاقىتنى قۇرۇق گەپ، ھېچقانداق ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلار بولسا، پەرزەنتلىرىمۇ

شۇلارغا يارىشا خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىلار بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۇلار ئائىلىلەردە ياكى سىرتلاردىكى بوش ۋاقىتلىرىنى كۆپرەك كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

## 2. ئائىلىدە كۆپرەك كىتاب ئوقۇش

پەرزەنتلەرنى كىتابخۇمار قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىشتا باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. كۆپ كىتاب ئوقۇلىدىغان ئائىلىدە بالا بىر تەرەپكە قارىسا دادىسىنىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپكە قارىسا ئۇكىسىنىڭ رەسىم سىزىۋاتقانلىقىنى، يەنە باشقا بىر تەرەپتە بولسا ئانىسى مەكتەپنىڭ دەرسىنى چۈشۈنەلمىگەن قېرىندىشىنىڭ دەرسىنى چۈشەندۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بالىنىڭ ئۆيدە بۇ خىل پائالىيەتلەرنى كۆرۈپ يېتىلىشى، بالىنىڭ قەلبىدە كىتاب، قەغەز-قەلەم بىلەن ئۆتكەن ھايات، ھەقىقىي قىممەتلىك ھايات ئىكەن دېگەن ئاڭنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر ئاتا-ئانىلار ئۇيۇشمىسى بالىلاردىكى كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئۇيۇشما كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەيدىغان ياكى كىتابقا قىزىقمايدىغان بالىلارنىڭ يۈزدە 82 پىرسەنتى ئەسلىدە ئاتا-ئانىلىرى تەرىپىدىن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇلمىغان بالىلار ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

شۇنىسى ھەقىقەتكى، بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش نوقۇللا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى چوڭلارنىڭ ئۈلگە بولۇپ بېرىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئاتا-ئانىلىرى كىتاب ئوقۇمايدىغان پەرزەنتلەرنىڭ كىتاب ئوقۇمايدىغان بولۇش چىقىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ چىقىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 3. ئائىلە كۇتۇپخانىسى قۇرۇپ چىقىش

غەربلىكلەرنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز كۆپىنچە ئۆيلەردە كۇتۇپخانا قۇرۇپ چىقىلغانلىقىنى كۆرىسىز. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بالىلىرى كىچىكىدىنلا ئۆزىدە كىتاب ئوقۇش ئادىتى يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئەمما بىزنىڭ كۆپىنچىمىزنىڭ ئۆيلىرى كىتابخانىدىن خالى، بەزى ئۆيلەردە كىتابخانا بولسىمۇ، ئۇ كىتابلار ئوقۇپ پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى موزىيخانىغا ئوخشاش زىننەت ئۈچۈن تىزىلغان. ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئائىلىدە پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا ماس كېلىدىغان، ئۇلارغا روھىي ئوزۇق بېغىشلايدىغان بىر كىتابخانا بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنىڭدەك كىتابلارنى بالىلارنىڭ يېشى ۋە سەۋىيىسىگە ماس ھالدا پات-پات يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك.

## 4. ئېلېكترونلۇق ئۈسكىنىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش

تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت، تېلېفون ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق قاتارلىق نەرسىلەر ئۆسمۈرلەرنىڭ زېھنىنى ئوغرىلاپ، ئۇلارنى ئەقلىنى يوقىلاڭ پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ تەربىيە يېشىدىكى بالىلارغا ئىنتايىن زىيانلىق بىر ئەھۋالدۇر. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ئېلېكترونلۇق ئۈسكىنىلەرنىڭ كىتابقا خىرىس قىلىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. ئېنىقكى، بىر ئائىلىدە ئېلېكترونلۇق ئۈسكىنىلەر كىتابقا خىرىس قىلىپلا قالىدىكەن، چوقۇمكى كىتاب مەغلۇب بولىدۇ. چۈنكى يېتىلىۋاتقان بالىلارغا نىسبەتەن كىتابنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىگە قارىغاندا ئېلېكترونلۇق ئۈسكىنىلەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما پەرزەنتلەرنى پۈتۈنلەي ئېلېكترونلۇق ئۈسكىنىلەردىن چەكلەپ قويۇشمۇ بىر تەرەپلىملىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال بالىلاردا بىر قەدەر مۇكەممەل ۋاقىت ئېڭى يېتىلدۈرۈش، بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلغاندەك، ئېلېكترونلۇق ئۈسكىنىلەرنى ئىشلىتىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈنمۇ مۇۋاپىق ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرىش لازىم.

پەرزەنتلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ۋە كىيىم-كېچىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشلا ئاتا-ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بەلكى بالىلارنىڭ روھىي ئوزۇقىغا، شۇنداقلا بالىلارنى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە كېرەكلىك لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەش، ئوقۇش، يېزىش، سىزىش ماتېرىياللىرىنى تەقلەپ بېرىش سالاھىيەتلىك ئاتا-ئانا بولۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئابدۇلكەرىم بەككارنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈلدى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى




ئەقىدە بىر نەرسىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشتۇر. ئىمان ياكى ئەقىدە بىر نەرسىنىڭ توغرىلىقىنى قەتئىي بىلىش ۋە ئۇنىڭغا چىن ئىشىنىش، دېگەن بولىدۇ. ئەقىدىنىڭ قۇرئاندىكى ئىسمى «ئىمان» دۇر.

جانابى ئاللاھ تائالا ئۆز دەرگاھىدا ھەق بولغان ئەقىدىنى پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق بەندىلىرىگە بىلدۈرگەن. بۇ ئەقىدە ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت بەخت ـ سائادىتىنى ئەمەللەشتۈرىدىغان ئاساستۇر.

پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر مۇشۇ ئىلاھىي ئاساسقا تايىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئۈممەتلىرىنى مۇشۇ ئەقىدىگە چاقىرغان. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمان ئاساسلىرىغا تەئەللۇق ئەقىدىسى ۋە چاقىرىقلىرى بىر ۋە ئوخشاشتۇر. بارلىق ساماۋىي دىنلارنىڭ شاخچە ئەھكاملىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە پەرق بولسىمۇ، ئەمما ماھىيىتىدە پەرق يوق. چۈنكى ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز ئۈممىتىنىڭ مۇھىتى، شەرت ـ شارائىتى، روھىي ۋە پىكرىي سەۋىيىسى ۋە كۈندىلىك ھاياتىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا قارىتا دەۋەت ئېلىپ بارغان. بۇ مەسىلە «قۇرئان كەرىم»دە ئوچۇق بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق».[1]

«ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا بۇيرۇغان نەرسىنى، ساڭىمۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بۇيرۇدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ساڭا ۋەھيى قىلغان نەرسىنى ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغىمۇ ۋەھيى قىلدۇق. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا تەپرىقىچىلىك قىلماڭلار...»[2]

«(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا

[1] سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇرا 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەشمىگىن. (ئـى ئـۈممەتلەر!) سـىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارغا بىرخىل شـەرىئەت ۋە ئوچـۇق يـول تەيىن قىلدۇق...»[1]

ھەر ئەسىردە شـەيتانىي ۋەسۋەسـىلەر بىـلەن ئىنسـانلارنى ئـازدۇرۇپ، ھەق ئەقىدىـدىن يىراقلاشتۇرۇپ، زالالەتكە چۈشۈرىدىغان بىر قىسىم ئازغۇنلار مەۋجۇدت بولۇپ تۇرىـدۇ. شـەيتاننىڭ ۋەسۋەسـىلىرىگە ۋە ئازغۇنلارنىـڭ ئىغۋالىرىغـا ئالـدانغانلار، يـالىتىراق سـۆزلەر ۋە تۈرلـۈك ۋەسۋەسـىلەر سـەۋەبى بىـلەن ھەق ئەقىدىـدىن يىراقلىشىپ، زالالەت ۋە ھالاكەت گىرداۋىغا كېلىپ قالىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان ئومـۇمىي رەھمىتـى ۋە ھېكمىتـى بىـلەن ئازغۇنلارنىـڭ ئازدۇرۇشـىغا قارشـى ھەق ئەقىـدىنى مـۇداپىئە قىلىدىغان سالىھ بەنـدىلەر ھەر ۋاقىـت مەۋجـۇد بولۇپ كەلگەن. بۇ سالىھ بەنـدىلەر زالالەتتىكـى كىشـىلەرگە ئەگەر ئازغۇنلۇقتىـدىن قايتمىسـا، ئاقىۋىتىنىڭ زىيانكارلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە قاتتىق ئەلەملىك ئازاپقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئوچـۇق-ئاشكارا بايان قىلغان. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ساغلام ئەقىل ۋە ئاللاھنىڭ ۋەھيىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئازغۇنلارنىڭ خاتـالىقلىرىنى ئوتتۇرىغـا قويغـان. شـۇنىڭ بىـلەن ھـاۋايى-ھەۋەسـلىرىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ زالالىتى ئوچۇق مەلۇم بولـدى. بۇنىدىن كېيىن ھالاك بولغـانلار ئـۆز ئىرادىسـى بىلەن ئۆزى تاللىغان خاتا ئەقىدىسـى سـەۋەبلىك ھالاك بولغان بولىدۇ؛ نىجات تاپقـانلارمۇ ئـۆزى دەلىل-ئىسپات ۋە ھۆججەتكە تايىنىـپ تاللىغـان ھەق-توغرا ئەقىدىسى سەۋەبلىك نىجات تاپىـدۇ ۋە مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «(ئـى مـۇھەممەد!) «ھەق پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىندۇر، خالىغـان ئـادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسـۇن» دېگىن...»[2]

ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبـۇل بولغـان ئەقىـدە، ئىنسـان تەبىئـتىگە ۋە روھـىي خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئەقىدىـدۇر. بـۇ ئەقىدىدە زورلاش-مەجبۇرلاش يوق. پەقەت بـۇ ئەقىدىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنـى دەلـىل-ئىسـپاتى بىلەن ئوچۇق كۆرسىتىپ، شۇنىڭغا دەۋەت قىلىش بار. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىمۇ تەۋە بولغان بۇ ئەقىدىنى ناھايىتى ئاددى، ئاسان ۋە سـاپ-سۈزۈك بىر شەكىلدە ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلغـان؛ ئىنسانلارنىڭ پىكىرلىرىنى، ئەقىللىرىنى ئاسـمان-زېمىنـدىكى مەخلۇقاتلارغـا قارىتىشـقا، ئـاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنـى كۆرسـىتىدىغان ئالامەتلەردە ئويلىنىشقا چاقىرغان.

ئاللاھ تائالاغا مەقبۇل كۆرۈلگەن بۇ ئەقىـدە كەلىمە تەۋھىدكە مۇجەسسەملەشـكەن. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى باشـلىغاندا، ئىنسـانلارنى كەلىمە تەۋھـىدكە چاقىرىـپ: «ئەي ئىنسـانلار! «لائىلاھە ئىللەللاھ» (يەنى بىر ئاللاھتىن باشـقا ئىلاھ يـوق) دەڭـلار، نىجاتلىققـا ئېرىشـڭلار» دېگەن.[3]

كەلىمە تەۋھىدكە مۇجەسسەملەنگەن بۇ ئاساس ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان رۇكنلىرى بىلەن پۈتكـۈل ئىنسانىيەتكە ئېلان قىلىنغان. بىر كىشى مـۇئمىن بولۇشى ئۈچۈن ئىمان ئاساسلىرىنى چىن قەلبىدىن تەستىق قىلىـپ ئىشىنىشـى ۋە ئىشـەنگەنلىكىنى ئېلان قىلىشى لازىم.

پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى دەۋەت قىلغان ئەقىدە دەل مۇشۇ بىر ئىلاھلىق ئەقىدىسىدۇر. بۇ ئەقىدە بەندە بىلەن ئـاللاھ تائـالا ئوتتۇرىسـىدا مەنىۋىي ئالاقە پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئەقىدە ئىنساننى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن نازىل قىلغان ھەق دىنىغـا ئەڭ مۇسـتەھكەم ئارغامچـا بىـلەن باغلايدۇ. ئىنسانغا ھاياتنىڭ غايىسـىنى، يـۇقىرى قىممىتىنى، ئالى شەرىپىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئەقىدە ئەقىللەر ۋە دىلـلاردا يەرلەشـكەندە

[1] سۈرە مائىدە 48-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە كەھف 29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھا بەرگەن ھەدىس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر ئارىسىدا مۇھەببەت، شەپقەت، مەرھەمەت تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئىسلامدا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرى ۋە تەلىماتلىرى مۇجەسسەملەشكەن. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋە پۈتۈن كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىسلامنىڭ ئىمان رۇكنىلىرىدىندۇر. بۇ رۇكنىلارغا ئىشەنمەسلىك پۈتۈن ئىمان ئاساسلىرىغا ئىشەنمىگەنلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئاساسنى «قۇرئان كەرىم»دە ئوچۇق بايان قىلغان: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (ئاللاھقا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئايرىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇلار (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار بار. ئەنە شۇلار (ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر. بىز كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ ئارىسنى ئايرىۋەتمىگەن (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئېگىشلىك) ئەجىرلىرىنى ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».[1]

ئىسلام دىنى ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت ـ تەلىماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ئاخىرقى ئىلاھىي دىندۇر. ئاللاھ تائالا ھەر جەھەتتىن تولۇق ۋە مۇكەممەل كامالەتكە يەتكۈزگەن ۋە رازى بولغان دىندۇر. ئىسلام ئەقىدىسى پۈتكۈل ساماۋىي دىنلارنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى يادرو قىلغان ۋە بۇ ئەقىدىنى تولۇق ۋە توغرا شەكىلدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئېلان قىلغان. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ كۆڭۈن

چىققان ۋە كۆڭۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر».[2]

«ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز».[3]

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تامامىلىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم...»[4]

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر،

---

[1] سۈرە نىسا 150 ـ 152 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە 136 ـ ئايەت.

[4] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار».[1]

«پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۇئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ».[2]

ئوچۇق ھەقىقەت شۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلايدىغان، روھلىرىنى پاكلايدىغان، ئۇلارنى ئەڭ ئۈستۈن ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ھەقىقەتكە يۈزلەندۈرىدىغان كۈچ ئىماندۇر.

شۈبھىسىزكى، ئىسلام ئەقىدىسى ھەقىقەتتۇر. شۇنداقلا بۇ ئەقىدىدە ئىنسانغا كېرەكلىك ھەممە نەرسە مۇجەسسەمدۇر. دىنى ئەقىدە ئىنسانلارنىڭ دىلىنى يورۇتقاندا، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ئەڭ ياخشى تەربىيىلەش ئىمكانىيىتى ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى دىنىي تۇيغۇ روھلارغا ۋە دىللارغا يەرلەشكەندە، ئىنساننىڭ بارلىق ھىسسىيات ۋە مايىللىقلىرىنى كونتروللىقى ئاستىغا ئالىدۇ.

بۇ توغرا ۋە ساغلام ئەقىدە ھاياتنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئىنسانلارنى مەۋجۇدات ئالىمىنى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا مېھىر-مۇھەببەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئومۇملىشىپ، جەڭگى-جېدەللەر، تەپرىق-نىزالار يوقالغاندا ھەممە دوست ۋە ئىناق بولىدۇ. پۈتۈن ئالەم نۇرغا تولىدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ بىردىنبىر تەشەببۇسى، مانا بۇ ھەقىقى بەخت!

[1] سۈرە ئەئراف 158-ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 285-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئەللامە قەرداۋى مۇنداق دەيدۇ...

دىنىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۆپ كىشىلەرنىڭ ئەجەللىك خاتالىقى شۇكى، ئۇلار ئىلىم دېڭىزىنىڭ يۈزىدە لەيلەپ قېلىپ تېگىگە چۆكەلمىدى. چۈنكى ئۇلار ئىلىم دېڭىزىدا ئۈزگىدەك، بۇ دېڭىزنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرگۈدەك، ئۇنىڭدىن ئۈنچە-مەرۋايىت سۈزۈپ چىقىدۇدەك لاياقەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئايەت-ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنالىرىغا مەشغۇل بولۇپ، سىر ۋە مەقسەتلىرىنى ئۇقالمىدى، شاخچە مەسىلىلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، يىلتىزلىق مەسىلىلەر بىلەن كارى بولمىدى، ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى چېچىلاڭغۇ، چۇۋالچاق، رەتسىز ئوتتۇرىغا قويۇشتى. نەتىجىدە شەرىئەت ئۇلارنىڭ زۇۋانى ۋە قەلەملىرى ئاستىدا مەخلۇقاتلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدىغاندەك كۆرۈنۈپ قالدى. بۇنىڭدىكى كەمچىلىك شەرىئەتتە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ شەرىئەتنى چۈشىنىشىدە. ئۇلار ھۆكۈملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتتى. ھېچ پەرۋاسىز ھالدا ئوخشاش ئىككى نەرسىگە ئىككى خىل ھۆكۈم قىلدى. بىر-بىرىگە زىت ئىككى نەرسىگە بىرخىل ھۆكۈم قىلدى. شەرىئەت زادىلا ئۇنداق قىلىپ باقمىغان ئىدى. بۇنداق زاھىرىۋازلىق كۆپ ھاللاردا ئاللاھ كەڭ يول قويغان ھۆكۈملەرنى تارايتىشنى، ئوڭاي يولغا قويغان ھۆكۈملەرنى تەسلەشتۈرۈشنى، تەرەققىي قىلدىغان نەرسىلەرنى قاتماللاشتۇرۇشنى، ئەركىن بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى چۈشەپ قويۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

— «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك»ناملىق كىتابتىن